# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل

## 2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل

(2)

(تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ئابدۇۋەلى كېرىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆتۈۋاتقان دەرسلىكلەردىكى تېكىستلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى بېيىتىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى. بۇ كىتابتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى تاللانغان تېكىستلەر ئۈستىدە ئاپتور تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى؛ ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى؛ ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى؛ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا تېخنىكوم، بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزۈشكە مەرھۇم ئابدۇراخمان مەھەممەت يېقىندىن ياردەم بەرگەن.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەھلىلدە بەزىبىر تەرەپلىمىلىكلەرگە يول قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا يولداشلارنىڭ بۇنداق خاتالىقلار توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە


«دورا» توغرىسىدا تەھلىل........................ 1

«چېنىقىش» توغرىسىدا تەھلىل ............... 16

«دونكىخوت» توغرىسىدا تەھلىل............... 27

«نېلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» توغ-
رىسىدا تەھلىل.............................. 35

«دانكو» توغرىسىدا تەھلىل .................. 40

«كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» توغرىسىدا
تەھلىل.............................................. 47

«غۇنچەم» توغرىسىدا تەھلىل ............... 51

«پالۋان كەلدى» توغرىسىدا تەھلىل ........... 65

«سەپداش» ھېكايىسى توغرىسىدا تەھلىل ...... 72

«بەخت تىلەش» توغرىسىدا تەھلىل ........... 80

شائىر ئەخمەت يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقا-
يىق» داستانى توغرىسىدا تەھلىل ... ......... 91

«تىل ھەققىدە» توغرىسىدا تەھلىل............. 104

«قوشنىلار» توغرىسىدا تەھلىل ............... 111

«خەسىس» توغرىسىدا تەھلىل ................ 119

«لەن پۇ ۋە لىن شياڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى» توغرى-
سىدا تەھلىل........................ ... ......... 130

«يېزىلارنى تەكشۈرۈش،كە كىرىش سۆز» توغرى-
سىدا تەھلىل ....... ........................ 143

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» توغرىسىدا تەھـ
لىل ................................. 152
«كۈن چىقىش شامىلى» توغرىسىدا تەھلىل ...... 163
«ئۆزۈلمەس ئۈمىد» توغرىسىدا تەھلىل ......... 172
«جۇڭگو» توغرىسىدا تەھلىل ................. 180
«ئىگىلىك سۇ» توغرىسىدا تەھلىل .............. 191
«دولان ياشلىرى» توغرىسىدا تەھلىل ........... 201
«سوتتا» توغرىسىدا تەھلىل .................. 214
«سىبىر تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» توغرىسىدا
تەھلىل ..................................... 223
«خامپىيون» توغرىسىدا تەھلىل ............... 230
«ئىلىم تاپماي ماختانما» توغرىسىدا تەھلىل .... 240
«تۈرمە ناخشىسى» توغرىسىدا تەھلىل ........... 249
«ۋېنتسىيە سودىگەرى» توغرىسىدا تەھلىل ...... 265
«سىلىزىيە توقۇمىچىلىرى» توغرىسىدا تەھلىل. ... 272
«رېۋىزور» توغرىسىدا تەھلىل ................. 284
«باھار پەلىسى» توغرىسىدا تەھلىل ............ 292
لى بەينىڭ ئىككى شېئىرى توغرىسىدا تەھلىل... 305

# «دورا» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى لۇشۈن 1881 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدە ۋەيران بولغان ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جۇ شۇرېن بولۇپ، لۇشۈن ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغاندا كۆپرەك قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسى.

لۇشۈن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىن تۈزۈلگەن تارىخىي كىتابلارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدۇ. كىچىك ۋاقتىدىلا ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

لۇشۈن 1898 - يىلى نەنجىڭگە بېرىپ ئوقۇيدۇ ۋە غەربنىڭ يېڭىنقى زامان پەن - مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، غەربنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، 1902 - يىلى لۇشۈن ياپونىيىگە بېرىپ، تىببىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسىتى ئاغرىق - سىلاق ئېغىر ھالدا ئەۋج ئالغان جۇڭگودا كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلاشقا ھەسسە قوشۇش ئىدى. لېكىن

كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭغا ئاممىنى ئويغىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، تىببىي ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلدۇ. ئۇ كۆپلىگەن چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ، غەربنىڭ ئىندىۋىدۇئال (شەخسىي) ئازادلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىمۇ تۇرغۇزۇلۇپ، مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشقا باشلايدۇ.

لۇشۈن 1909 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكىدە خىزمەت قىلدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا داۋاملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يازغانلىرىنى «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ ۋە 1918 - يىلى يازغان «سەۋدايىي خاتىرىسى»، «كۇڭ يىجى» قاتارلىق ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغايدۇ. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە فېئوداللىق جۇڭگونىڭ قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى، ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئەسەبىي خاراكتېرىنى، بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نادانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنى بىخۇدلاشتۇرغان ئېغىر دەرىجىدىكى خۇراپاتلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ.

لۇشۈننىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە كۆرسەتكەن ئاساسىي تۆھپىسى شۇكى، ئۇ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تەنقىدىي رېئالىزملىق يول بىلەن چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. يازغۇچى ئەسەرلىرىدە «خارلانغانلار ۋە ھاقارەتلەنگەنلەر» نىڭ ئوبرازلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك

گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخانىنى ئۆز مەملىكىتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى، جۇڭگو فېئوداللىق دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، ئىجتىمائىي ۋەيرانچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئۆتكۈر كۆرسىتىپ بەردى.

يازغۇچى 1919 - يىلىغا كەلگەندە «4 - ماي» ياشلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بۇ ھەرىكەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش مۇساپىسىگە قەدەم قويىدۇ. ئۇ بۇ دەۋردە «تېڭىرقاش»، «چۇقان» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى، «ياۋا گىياھ» ناملىق فېليەتونلار توپلىمىنى، «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق پوۋېستىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

لۇشۈننىڭ بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرىدىمۇ ئالدىنقى دەۋردىكى ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىي روھ بىلەن جەمئىيەتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئالدىنقىلار ياراتقان كىلاسسىك رېئالىزم ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئەنئەنىلەرنى تەرەققىي ئەتتۈرىدۇ. لۇشۈن 1927 - يىلىنىڭ باشلىرىدا گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گۇاڭجۇ ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئويغىنىشى تېز بولۇۋاتقان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، «15 - ئاپرېل» چوڭ قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنقىلابىي ياش-

لارنى دەھشەتلىك باستۇرىدۇ. لۇشۈن بۇ ۋەقەگە قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ، جياڭ جيې-شى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ خەلق ئاممىسىنى، ئىنقىلابىي ياشلارنى قانلىق باستۇرۇشى نەتى-جىسىدە لۇشۈن ئۈمىد كۈتكەن ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي ۋە ئەكسىلئىنقىلابىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ كېتىشى ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىپ، ئۇنىڭغا سىنىپىي كۆرەشنىڭ كەس-كىنلىكىنى، «يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پرولېتارىياتنىڭلا ئىستىق-بالغا ئىگە» ئىكەنلىكىنى، كۆرەش قىلىۋاتقان كوللېكتىپ ئىچى-دىلا ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ.

لۇشۈن 1927 - يىلى شاڭخەيگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ماركسىزمچىلار بىلەن يېقىنلىشىپ، ماركسچە - لېنىنچە نەزەرىيىلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىدۇ ۋە ماركسىزملىق كۆز قاراشقا ئىگە بولىدۇ. 1930 - يىلى پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىدا سول قانات يازغۇچىلار ئىتتى-پاقى قۇرۇلغاندا، لۇشۈن بۇ ئىتتىپاقنىڭ بايراقدارى ۋە تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. لۇشۈن ئۆزۈن مۇددەت ئىزلىنىش، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، سىنىپىي كۆز قاراشنى تىكلەيدۇ. شىڭشىنلار سىنىپىدىن يۈز ئۆرۈپ، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىن دوس-تىغا ئايلىنىدۇ. ئاخىرىدا ھەقىقىي كوممۇنىزم جەڭچىسى بولۇپ يېتىلىدۇ.

لۇشۈن 1936 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شاڭ-خەيدە 55 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغى-

چە كۆرەش قىلىپ، بارلىق كۈچىنى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات
ئىشلىرىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بەخش ئەتتى.

«دورا» ھېكايىسى 1919 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلغان.

1911 - يىلى قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە
چىڭ خاندانلىقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق پادىشاھلىق
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ،
ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ سى-
ياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، نادانلىقى، ئەكسىيەتچى
فېئودال كۈچلەرنىڭ ئالدامچىلىقى تۈپەيلى ھوقۇقنى قاي-
تىدىن تارتقۇزۇپ قويدى. جاڭ شۈنگە ئوخشاش ئەشەددىي
مىلىتارىستلار پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ
بېرىپ، مىلىتارىست يۈەن شىكەينى پادىشاھ قىلىپ تىك-
لىدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابتىن
كۈتكەن ئۈمىدى يوققا چىقتى. جەمئىيەتنىڭ ئىنقىلابتىن
بۇرۇنقى ھالىتىدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش، ئىسلاھات بولمى-
دى. ئەكسىچە، فېئودال مىلىتارىستلار ئۆزئارا ھوقۇق،
مەنپەئەت تالىشىپ، مىلىتارىستلىق ئىچكى ئۇرۇشنى ئەۋج
ئالدۇرۇۋەتتى. جەمئىيەتتە سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىقنىڭ
بولماسلىقى، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ
تۈگىمەسلىكى كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ، ھالىدىن
كەتكەن خەلقنى تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.
لۇشۈن شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئاشۇ خىل ئىجتىمائىي،
سىياسىي ۋەزىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان نۇرغۇنلىغان
ھېكايە فىلىيەتونلارنى يېزىپ، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇس-
تەملىكە جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئەتراپلىق پاش قىلدى،
شىنخەي ئىنقىلابى مەغلۇپ بولۇپ، خەلقنىڭ بۇ ئىنقىلاب-

تىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ئەسەرلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى بۇ ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ توغرا يولىنى تېپىشقا ئۈندىدى. «دورا» ئەنە شۇ خىل شارائىتتا يۇقىرىقىدەك مەقسەتتە يېزىلغان. لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە كونا دېموكراتىك بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بىر ئالاھىدە «كېسىلى» نى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە كەمبەغەل چايخانىچى خۇا لاۋشۈەننىڭ سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بالىسىنى قانغا مىلەنگەن جىڭمومىنى يېگۈزۈش ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتالمىغانلىقىدەك تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى تېما قىلىش ئارقىلىق خۇراپاتلىق جاھالەتكە پاتقان، نادان ئاممىنى ئويغىتىپ تەربىيىلىمەي، ئىنقىلابنى ئامما ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزماي تۇرۇپ قىلىنغان ئىنقىلابلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

## 3. ھېكايىدىكى مۇھىم پېرسوناژلار

شيايۇ ئوبرازى:

شيايۇ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى شياسەنيى دېگەن مىللىي خائىن تەرىپىدىن سېزىلىپ، مانجۇ ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىلىدۇ. شيايۇ تۈرمىدە دۈشمەنىنىڭ قىيىن-قىس-

ئاقىلىرى ئالدىدا تەۋرەنمەيدۇ، ئۇ ئىرادىسىدىن قايتماي داۋاملىق ئىنقىلاب يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرمە باشلىقىنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

شىيايۇ مانجۇ مۇستەبىت خاندانلىقىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىغا ۋە ئىرادىسىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ دەھشەتلىك ئۇرۇپ قىيناش، بىسىم ئىشلىتىش ئالدىدىمۇ تەۋرەنمەي، «بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقىمەندە ئەمەس» دەپ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق جاكارلايدۇ. ئۇ ئاخىر دۈشمەنلەرگە باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابچىلىق غۇرۇرىنى مەردانىلەرچە ساقلاپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن شۇنچە مەردانە كۈرەش قىلغان ئىنقىلابچى ئەمەلىيەتتە، بىر خىل خۇراپاتلىقنىڭ قۇربانى بولىدۇ. بۇ خۇراپاتلىق ئاممىنى تەربىيىلىمىگەن، ئاممىنى ئويغاتمىغان، ئاما بىلەن بىرلەشمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان سىياسىي خۇراپاتلىقتۇر. خەلق شىنخەي ئىنقىلابى ۋە شىيايۇ ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئەكسىچە، تىللايدۇ. چايخانىدىكىلەرنىڭ شىيايۇنى «جىنىدىن تويغان»، «ساراڭ بولۇپ قالغان»، «ئەقلىدىن ئازغان» دەپ ھاقارەتلىشى، خۇالاۋشەنىڭ شىيايۇنىڭ كىم ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن ئۆز بالىسىنى داۋالىماقچى بولۇشى يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟! شىيايۇ ئوبرازى ئارقىلىق يازغۇچى پەقەت ئېغىر خۇراپاتلىق جاھالىتىدە تۇرغان خەلقنى ئويغاتماي ۋە قوزغاتماي تۇرۇپ، بىرقانچە شىيايۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكىلى

بولمايدۇ، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنداق شىيايۇلەر مەيلى قانچىلىك باتۇر ۋە قەيسەر بولمىسۇن، قۇربان بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دېمەك، ئاپتور شىيايۇ ئوبرازىنىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق كونا دېموكراتىك ئىنقىلابچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نادان ۋە خۇراپاتلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە كېيىنكىلەر بۇ ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

خۇالاۋشەن، چار ساقال بوۋاي ۋە 20 ياشلىق يىگىت قاتارلىق تۆۋەن قاتلام ئاممىنىڭ ئوبرازلىرى.

بۇلار شۇ جەمئىيەتتىكى ئېزىلىپ، خارلانغان تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ ئوبرازلار بولۇپ، ئۇلار گەرچە ھاكىمىيەت تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئېزىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردا مۇستەبىت تۈزۈمگە قارىتا تېخى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى يوق، ھەتتا ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ دوستى كىم، دۈشمىنى كىم ئىكەنلىكىنى تېخى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىنقىلابچىلارنى بىلمەيدۇ ھەم چۈشەنمەيدۇ. نەتىجىدە شىيايۇنىڭ «بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقمەندە ئەمەس» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، بىرى «قاراڭلار بۇنىڭ يامانلىقىنى» دېسە، يەنە بىرى «ئۇنداق ئەبلەخكە ئىست دېيىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دەپ ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ. يازغۇچى ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا خۇالاۋشەن ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. خۇالاۋشەن فېئوداللىق خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ

پاتقىقىغا چۆككەن كىشى بولغانلىقتىن شىيايۇنىڭ جىڭمو-
مىغا مىلەنگەن قېنىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، بالىسى-
نىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچى بولىدۇ. يازغۇچى خۇالاۋشەن-
نىڭ خۇراپاتلىقىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق
خەلق ئاممىسىدىكى نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ نەقەدەر
ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇالاۋشەنىنىڭ بالىسى
ئىككىنچى بىر خىل خۇراپاتلىقنىڭ — فېئوداللىق خۇرا-
پاتلىقنىڭ قۇربانىدۇر. يازغۇچى خەلق ئارىسىدا فېئودا-
لىق خۇراپاتلىق شۇقەدەر ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇ-
ۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابنى چۈشىنىشى مۇمكىن
ئەمەس، ئەكسىچە ئىنقىلابنى ھاقارەتلەيدۇ، ئىنقىلابچىنىڭ
قېنى بىلەن بالىسىنى داۋالايدۇ دەپ، شىنخەي ئىنقىلابى-
نىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى، شىيايۇنىڭ قۇربان بولۇشىدىكى
تۈپكى سەۋەبنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

شىياسەنيى، قىزىل كۆز ئايى، كاڭ داشۇلار ئوبرازى:

بۇ كىشىلەر تۇتقان ئورنى جەھەتتىن ھۆكۈمران
سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى ئەمەس. ئۇلار ھۆكۈمرانلارغا
يالىنىپ ئىشلەپ جان باقىدۇ. ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇيرۇق-
لىرىنى ئورۇنلاش جەريانىدا يامان ئىشلارنى قىلىدۇ،
ھەتتا ئېپىنى تاپسا مەھبۇسلارنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلى-
دۇ. ئۇلار تېخى بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىپ نەپكە
ئىگە بولۇشنى قىلمىشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى ئىش دەپ
تونۇيدۇ. ئەسلىدە مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوزغالغان
ئىنقىلاب ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنى تىترىتىپ تاشلاپ، تۆۋەن
قاتلامدىكى بۇ خىل كىشىلەرنىمۇ ئويغىتىپ، يامان ئىش
قىلمايدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. لېكىن

«ئىنقىلاب» بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاچقا بۇ خىل كىشىلەر ئاڭسىز ھالدا ھۆكۈمرانلارغا قول چوماق بولۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىدۇ.

شىياسەنىيى — بىر مىللىي خائىن، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر فامىلىلىك قېرىندىشىنى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىشى ئىنقىلابنىڭ تىغ ئۇچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمرانلاردىن كۆپرەك نەپ ئېلىش ئۈچۈن. ئۇنىڭغا نەپلا تېگىدىغان بولسا، ئىنقىلابچىلار ۋە باشقىلارنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ شىيايۈنى تۇتۇپ بېرىپ، خوجايىنلىرىدىن 25 يارچەن ئىنئامغا ئىگە بولىدۇ.

قىزىل كۆز ئايى — تۈرمىنىڭ گۇندىپىيى. ئۇمۇ خوجايىنلىرى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ. خىزمەت شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەن مەھبۇسلارنى قاقتى-سوقتى قىلىدۇ. شىيايۈگە كەلگەندە، ئۇ دەسلەپ شىيايۈنى گەپكە سېلىپ ۋە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈپ، نەپ ئالماقچى بولىدۇ. شىيايۇ «بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقىمەندە ئەمەس» دەپ ئۇنى ئىنقىلابقا ئۈندىگەندە ئۇنىڭدىن «ئازغىنا بولسىمۇ پايدا تەگمىگەنلىكىدىن» قورسىقى كۆپۈپ، شىيايۈنى ئىككى كاچات ئۇرىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ شىيايۈگە ئوخشاش كىشىلەرنى يوقىتىشقا قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نەپ ئېلىش ئۈچۈن. بۇمۇ نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

كاڭ داشۇ — يۇقىرىدىكى كىشىلەردىنمۇ تۆۋەن تۇ-

رىدىغان ساۋاتسىز، قارا تۇرۇك، تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر ئادەم. ئۇ ئادەم ئۆلتۇرۇشنى گويا كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر «باتۇرلۇق» ھېسابلاپ، بۇنداق ئىقتىدارى بىلەن مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىشى دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقىلارچىلىكمۇ «ھوقۇقى» بولمىغاچقا، تۇرمىدىكى ئىشلاردىن ئانچە كۆپ پايدا تاپالمايدۇ. شۇڭا بۇ قېتىم جىڭمومىنى قانغا مىلەپ سېتىش ئارقىلىق نەپكە ئىگە بولغانلىقىدىن خۇش بولىدۇ ۋە ئۆزى قىلغان سودىنى ماختاپ «يېدىمۇ؟ ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟»، «شەكسىز ئوڭلىنىدۇ. بۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئويلىمامسەن، ئىسسىقىدا ئېلىندى، ئىسسىقىدا يېگۈزۈلدى» دەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قەتىل قىلىش ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى باشقىلارنىڭ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە «باشقىچە ھۇزۇرلىنىپ كېتىدۇ.» شىيايۇنىڭ يۆتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە «يۆتىلىۋەرمە، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسەن» دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ.

ئاپتور بۇ پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشقا قاراتا چۈشەنچىسى، ئىنقىلابچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەنە شۇنداق ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، ۋەھشىيلىكىنى ئېچىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىمى، جەمئىيەتتىكى نادانلىق، ئاڭسىزلىق، خۇراپاتلىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ. 25 يارچەن ئۇچۇن قېرىنداشنى تۇتۇپ بېرىش، ئىنقىلابچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالغۇزۇۋېلىپ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش، ئىنقىلابچىنىڭ قېنىنى سېتىپ پۇل تېپىش، جىڭمومىنى يەپلا ئاغرىقىنىڭ ساقىيىدى-

غانلىقىغا ئىشىنىشكە ئوخشاش كويلاردا يۈرگەن كىشىلەر قانداقمۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلىسۇن ۋە قوللىيالىسۇن؟!

ئاپتور بۇ بىر قاتىلام كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى مۇشۇنداق ئاددىي ۋە ئىخچام تەسۋىرلەش ئارقىلىق «ئىنقىلاب» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا زەررىچىمۇ تەسىر قالدۇرمىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا يان تاياق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىلا ئۇلار بىلەن مەنپەئەتداش، تەقدىرداش يامان ئادەملەر بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نادانلىقى، ئاڭسىزلىقى، خۇراپاتلىققا چۆكۈپ كەتكەنلىكىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بەلگىلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۈچلۈك يورۇتۇپ بېرىدۇ.

### 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىنىڭ سۇژېتى قوش لىنىيىلىك قىلىپ، ئىنتايىن ئىخچام ۋە پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بىر كىچىك ھېكايە ئىنتايىن چوڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىنى — شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبنى يورۇتۇپ بېرەلىگەن.

ئاشكارا لىنىيە ئارقىلىق خۇالاۋشەننىڭ سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىسىنى ئادەم قېنى بىلەن داۋالاپ ساقايتالمىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن تۆۋەن قاتلام ئاممىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسى ۋە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ، تېخى ئۆزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويى

لىنىش دەرىجىسىگە كەلمىگەنلىكىنى، يوشۇرۇن لىنىيە ئار-
قىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئاممىنى ئويغاتمىغان، ئامما-
دىن ئايرىلغان ئاساسى «كېسەللى»نى كۆرسىتىپ، ئىن-
قىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبىنى يورۇتۇپ بەرگەن.
ئاشكارا لىنىيە يوشۇرۇن لىنىيىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ بې-
رىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى ئىنتايىن ئېنىق
گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ خاھىشى ۋەقەلىك
ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرۇلۇپ، كىتابخانغا چوڭقۇر تەسىر
قىلىش ۋە كىتابخانىنى ئويلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولغان.

2) ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى
بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېچىپ
بەرگەن. مەسىلەن، خۇالاۋشەننى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ
خۇراپىي چۈشەنچىلىرى بىلەن قانغا مىلەنگەن جىڭمومىنى
ئېلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋ-
دىلەندۈرگەن بولسا، شيايۇنى يان تەرەپتىن تەسۋىرلەپ،
سىرلىق ۋە جەلپ قىلارلىق يوشۇرۇن كۈچ ھاسىل قىلغان،
كاڭ داشۇنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ جاھالەت يېغىپ تۇر-
غان ئەپت - بەشىرىسى، كۆرۈمسىز، زالىم، تەلۋىلەرچە
قاراملىقى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ خا-
راكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

3) مەنزىرە تەسۋىرلىرى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر
ئۆزگىرىشلىرى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان
ھالدا بېرىلگەن. ھېكايىنىڭ بېشىدىكى كېچە تەسۋىرى
پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئالدىن بې-
شارەت بېرىپ، كىتابخاندا قايغۇلۇق روھىي ھېسسىيات
پەيدا قىلغان بولسا، قەبرىستانلىقتىكى مەنزىرىنىڭ خۇنۇك

ۋە ئېغىر كەيپىياتى پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى-نى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. لېكىن ھېكايە ئاخىر ئۈمىدسىز-لىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاخىرلاش-تۇرۇلغان. ئاپتور شىيايۇ قەبرىسىگە «گۈلچەمبىرەك» قويۇل-غانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۈ-رەش ئوتىنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنى، ئىنقىلاب ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەركىزىي ئىدىيىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان.

4) ھېكايىنىڭ «دورا» دەپ ئاتىلىشىمۇ چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، كۆرۈنۈشتىكى دورا «قان» بولسىمۇ، ماھىيەتتىكى دورا — خەلقنى ئويغىتىپ، خەلقنى تەشكىللەپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت مەنىۋى دورا بولۇپ، بۇ دورا خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ مەغلۇبى-يەتكە ئۇچرايدىغان كونا «كېسەل»نى ئۈنۈملۈك داۋالاي-دىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

5) ئەسەرنىڭ تىلى بىر خىل ھەجۋى خاراكتېرگە ئىگە، ئەمما بۇ خىل ھەجۋىدە يەنە ئېچىنىش، ھەسرەتمۇ ئىپادىلەنگەن. ستىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەر بىر كۆرۈنۈش، تەپسىلات، پېرسوناژ، مەنزىرىلەر ئوبرازلاشتۇ-رۇلۇپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈل-گەن. مەسىلەن، قەبرىلەر بايرام كېچىلىرىدىكى بايلارنىڭ جوزىسىغا تىزىلغان جىڭمومىلارغا ئوخشى-تىلىپ قەبرە ئىچىدە ياتقان كىشىلەر زالىم بايلار-نىڭ تەييارتاپ تۇرمۇشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنـ-لىكىگە تەمسىل قىلىنغان. ئۇندىن باشقا كاڭ داشۇنىڭ «خەنجەردەك» تىكىلىشى، كىشىلەرنىڭ تەقى - تۇرقى،

هالەتلىرى، قاغىنىڭ ئۇچۇشى قاناتلىق تەسۋىرلەر جانلىق،
ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىتابخانلارنى گويا ئا-
شۇ پېرسوناژ، ئاشۇ شەيئى، ھادىسىلەرنى كۆرۈپ تۇرغان-
دەك كونكرېت تەسىرگە ئىگە قىلغان. مەسىلەن، «خۇلاۋ-
شەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدى. لېكىن ھېلىقى بىر توپ كى-
شىلەرنىڭ دۈمبىسىنىلا كۆردى. ئۇلار خۇددى غايىب قوللار
بويۇنلىرىدىن سىقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈۋالغان غازلاردەك،
بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تۇراتتى.» بۇ ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەرى-
كىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

# «چېنىقىش» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. يازغۇچى ھەم ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بۇ ھېكايە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىر تەرى‍ـ پىدىن 1955 - يىلى يېزىلغان.

يازغۇچى زۇنۇن قادىر 1911 - يىلى تارباغاتاي ۋىلا‍ـ يىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبەغىلى ئائىلى‍ـ سىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كې‍ـ يىن غۇلجىدا ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئون ئۈچ ياشقا كەلگەندە دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە يۈگۈر‍ـ يېتىم ئىشلارنى ئىشلەپ، ئائىلىسىگە ياردەملىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن يەنى 1936 - يىلى ئىلىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇغان، 1937 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇتقۇ‍ـ چىلىق قىلغان. 1938 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكوملاردا ئۈچ يىل ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1940 - يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شە‍ـ ھىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىس ۋە ئەدەبىيات بۆلۈم مۇدىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى‍ـ

لابى دەۋردە گېزىت - ژۇرناللاردا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

زۇنۇن قادىر 1937 - يىلدىن باشلاپ «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «ئۇچراشقاندا» قاتارلىق ئوندىن ئوشۇق دراما يازغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. ئۇ بۇ دەۋردە دراما ئىجادىيىتى بىلەن بىللە ھېكايە، مەسەل، شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

يازغۇچى بۇ دەۋردە «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلىپ، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى جاھالەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك پروزىغا ئاساس سالدى. ئۇ بۇ ھېكايىلىرىدە جەمئىيەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى بىۋاستە ئېچىپ بېرىشكە يۈزلىنىپ، تۇرمۇشنى سىنىپىي زىددىيەت، سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرى بويىچە كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى قىزغىن ئەكس ئەتتۈردى.

يازغۇچى ئازادلىقتىن كېيىن «چېنىقىش»قا ئوخشاش نادىر ھېكايىلەرنى، «توي ئۈستىگە توي» قاتارلىق درامىلارنى يازدى. ئۇنىڭ قەلىمى تازا پىشىپ، يېرىك ئەسەرلەرنى يېزىش ۋاقتى كەلگەندە «سولچىل» لۇشيەن ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا ئوخشاش خىلمۇ خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەركەتلەر تۈپەيلى زەربىگە ئۇچراپ، ئۇزۇن

مەزگىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ ئەركىنلىكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسىنى كىنو سىنارىيىسىگە ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە قاتناشتى ۋە «ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتابىنى يېزىپ ئېلان قىلدى.

يازغۇچى 1989 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلاشقا چىقىپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئالمائاتادا ئالەمدىن ئۆتتى.

«چېنىقىش» يازغۇچىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېكايىلىرىدىن بىرى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئازادلىقتىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنى يەرگە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇردى. 1955 - يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپا ۋە يېزا ئىگىلىك كوپېراتسىيىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئىلھام بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى. يەككە، تارقاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئېغىر مەسىلىلەر كوللېكتىپنىڭ ئۆملەشكەن كۈچى ئارقىلىق ئوڭاي ۋە تېز ھەل قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

كوللېكتىپ ئەمگەك دېھقانلارغا قىزغىن كەيپىيات،

جاسارەت بىلەن ئىشلەش پۇرسىتى، ئەمگەك ناخشىلىرى بىلەن جانلانغان يېڭى - قۇۋناق ھايات ئېلىپ كەلدى. دېھقانلارلا ئەمەس، شەھەردە ئىش - ئوقتىنىڭ تايىنى يوق نۇرغۇنلىغان يەككە ئەمگەكچىلەرمۇ يەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈش يېڭى مۇساپىسىگە قەدەم قويدى.

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى بولمىغان، نامرات قول ھۈنەرۋەن مەتنىيازنىڭ يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى ۋە كوللېكتىپنىڭ قوينىغا كىرىپ، ئەمگەكتە چېنىقىپ، ئۆز ھاياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولى جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ چېنىقىش يولى دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن

## 2. ھېكايىدىكى مۇھىم پېرسوناژلار

مەتنىياز ئوبرازى:

مەتنىياز ئەسلىدە ئىش - ئوقتىنىڭ تايىنى يوق نامرات كاسىپ بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يەرگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىدۇ. بىراق ئۇ كونا جەمئىيەتتە ھاياتتا چىقىش يولى تاپالمىغاچقا، بىرەر كەسىپنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن ئەمەس. شۇنداقلا بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقىمۇ كۆزى يەتمەي، ھۇرۇنلىشىپ كاردىن چىققان ۋە تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق نامراتلىقىغا بارا - بارا ئادەتلىنىپ قالغان، باشقى-

لارغا ئوخشاش ئۆي تۇتۇپ، ئائىلە قۇرۇپ ياشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ يالغۇز جېنىنىمۇ ئاران بېقىپ كېلىۋاتقان كىشى بولغاچقا، يەر ئىسلاھاتىدا ئىگە بولغان يېرىگە تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا بەل باغلىغان دېھقانلاردەك كۆچ چىقىرىپ ئىشلەشكىمۇ چىدىمايدۇ.

ئۇ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەي تۇرغان ۋاقىتتا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەمرانىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، يېرىگە قوناق ۋە قىچا تەرگۈزۈۋالىدۇ. بىراق دېھقانچىلىقنىڭ ئەمگىكى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيتتى. ئۇنى پەرۋىش قىلىش، قوغداش، سۇغۇرۇپ بېقىش لازىم ئىدى. مەتنىياز بولسا مۇنداق جاپالىق ئەمگەكلەرگە ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، تېرىپلا تاشلىۋېتىدۇ، نەتىجىدە بىر پۈت قوناق چاچقان ئېتىزدا ئاران 23 تۈپ قوناق ئۈنۈپ چىقىدۇ. بەختكە يارىشا، قىچىسى خېلى تەكشى ئۈنۈپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنى سۇغۇرۇشتا قاتتىق قىينىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوما ۋاقتىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن مەتنىيازنىڭ ھېلىقى ھورۇنلۇق كېسىلى تۈپەيلىدىن قىچىنى ئورۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. مىڭ بىر جاپادا بىر كۈن ئوما ئورۇپ ئۈچ باغ قىچىنى يىغىدۇ. ئاپتور مەتنىيازنىڭ بۇنداق بوشاڭلىقىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئىش ياقماس، ھورۇن، كاردىن چىققان بىر شەخسنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. مەتنىيازنى مۇشۇ بويىچە قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭغا قانچە تەلىم ـ تەربىيە بەرگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ قىرىق يىللىق ھاياتىدا قېلىپلاشتۇرغان ھورۇنلۇق ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاش يولىغا باشلىغىلى بولـ

مايتتى. شۇڭا ئاپتور ھېكايىدە ئۇنى كوللېكتىپنىڭ ئەمگەك خۇشاللىقى بىلەن تولغان قايناق تۇرمۇش قوينىغا ئېلىپ كىرىش زۆرۈرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى، چەتكە قېقىشىغا قارىماستىن، ھەمرا ئۇنىڭغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

مەتنىياز قانداقلا بولمىسۇن ئەمگەكچى. شۇنىڭدەك ئۇ ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، ساتىراشلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى پىششىق بىلگەچكە، كوللېكتىپ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، كوللېكتىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان بولىدۇ. بارا - بارا ئىش - ئوقىتىدىن ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، ھاياتىدا بۇرۇلۇش ياسايدۇ، ھاياتىنى گۈللەندۈرۈشكە نىسبەتەن ئۈمىد، ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، كوللېكتىپنىڭ ياراملىق بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. «ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ» دەيدۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى. ھاياتتا توغرا چىقىش يولى تېپىش، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد - ئىشەنچ باغلاش، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. مەتنىياز يېڭى ئەمگەك شارائىتى ئىچىدە مانا شۇنداق ئىشلەشكە ئىرادە باغلايدىغان يېڭى ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ.

ئاپتور مەتنىياز ئوبرازىنىڭ بىرقاتار پاسسىپ تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ 1950 - يىللاردا ئېلىپ بارغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش سىياسەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتىنى زور قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەيدۇ.

ئاپتور مەتنىياز ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى سىزىپ بەرگەندە ئۇنى نوقۇل ھالدا ئەمگەكچان، ئاكتىپ، يېڭى سىياسەت ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن قىلىپ تەسۋىرلىمەستىن، ئۇنىڭ كونا جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇۋالغان قالاق مىجەز - خۇلقى، كونا ئەنئەنىۋى ئادەت - كەمچىلىكلىرىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ كونا جەمئىيەت كاردىن چىقارغان كىشىلەرنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋى ھاياتىدىكى پارلاق ئۆزگىرىشلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەتنىياز ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان يېرى شۇكى، ئۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى خاسلىق ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، مۇشۇنداق خاسلىق ئىچىدە سوتسىيالىزم يولىدىن نىجاتلىق تېپىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگىرىپ سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويغان مىليونلىغان يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن، يىغىنچاقلانغان ئورتاق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پەقەت سوتسىيالىزم يولىلا جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، چىقىش يولى دېگەن بۇ ھۆكۈم مەتنىياز ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدىكى باشتىن - ئاياغ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان لوگىكىلىق خۇلاسە.

ھەمرا ئوبرازى:

ھېكايىدە يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان

ئوبراز — ھەمرا ئوبرازىدۇر. ئاپتور ھەمرا ئوبرازىنى باشتىن - ئاخىر مەركىزىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى پارتىيىنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىپ، توغرا ئىجرا قىلىدىغان، خەلقنى سوتسىيالىزم يولى بويلاپ دادىل باشلاپ ماڭىدىغان يېتەكچى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ غەمگۈزارى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ.

پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى مۇشۇنداق ئاڭلىق كادىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشى ۋە ئىزدىنىپ يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەمرانىڭ مەتىنىيازنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كوللېكتىپ قوينىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىقتىدارىغا لايىق ئەمگەك بىلەن تەمىنلىشى مانا شۇ نۇقتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

### 3. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

(1) ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن قىزىقارلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخانىنى باشتىن - ئاياغ قىزىقتۇرۇپ، ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى قوغلىشىپ قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھېكايىدە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىنتايىن چىن ۋە كۆركەم. بولۇپمۇ مەتىنىيازنىڭ بوشاڭلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھويلىسى، ئۆي - ئىچى جاھازلىرى، يەر تېرىپ ئوما ئورۇش جەريانىدىكى ئىش ھەرىكەتلىرى، موزدۇزلۇق ۋە چاچ ئېلىشتىكى ئىلجىڭلىقلىرى كىشىگە ھەيران قالغۇدەك دەرى-

جىدە چىنلىق تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىپ، ئوبرازنىڭ خاراك-
تېر ئالاھىدىلىكىنى دەرھال چۈشىنىۋېلىشقا قولايلىق ئىم-
كانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مەتنىيازنىڭ ئىسسىق-
قا چىدىماي، سايىدە يېتىۋالغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«ھە، ھىم، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كېتىدىغۇ مۇنداق
ئىسسىقتا، دەپ غودۇڭشىدى مەتنىياز، ئۈجمىنىڭ شېخىدا
قونۇپ تۇرغان توك قاغىغا قاراپ... مەتنىياز بولسا، تەر
پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان،
يالىڭاچ دۈمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوڭدا
ياتاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاۋا - چاتقاللار پېتىپ،
بىزەڭ چىۋىنلار بولسا، ئۇ يېرىدىن قوغلىسا بۇ يېرىگە
قونۇپ بىئارام قىلاتتى».

يەنە ئۇنىڭ ئۆي ئىچى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:
«ئوچاقتا داتلىشىپ كەتكەن بىر قازان ئېسىقلىق تۇرىدۇ.
ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقۇدەك ئورۇن بوش
بولۇپ، ئاتنىڭ توقۇمىچىلىك بىر پارچە يىرتىق كىگىز
سېلىقلىق. كىگىز يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ، ئەتىمالىم
بۇرۇن ئاق بولۇشى كېرەك. لېكىن ھازىر ئۇنداق دېسە
ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى چاڭ - توپا ۋە كۆيۈندىلەر-
نىڭ دەستىدىن قارامتۇل كۈل رەڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۆي-
نىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق،
موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك
جابدۇقلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ. قازان
بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان تۆمۈر
قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستىرىلار، ئۇششاق ۋېنتا،
گايكا، ئەسكى تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان. ئويۇقتا

قىلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭ-
نامە كىتابىدىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. تورۇسنىڭ ھەر تەر-
پىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان
قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۆچكە، قېلىپنى تارتىپ چىقىرى-
دىغان بۇلجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمۈچۈكلەر تور
باغلاپ كەتكەن.»

(2) مەتنىيازنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭ تۇر-
مۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە، مىجەز - خۇلقىغا ماس تەسۋىر-
لەنگەن. مەسىلەن، «يېرىم پۇتلۇق يەرگە قوناق تېرىسا،
پەقەت 23 تۇپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يەرگە يېرىم
چېلەكچە قوناق تېرىغانىدى. مىڭ - مىڭلاپ دانلار قېنى،
ئۇجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ
كەتتى - دە، قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمى-
غا قاراپ يېتىپ، مەتنىيازنىڭ بىر ئاچچىقى كەلدى.

— قاناتلىرىڭ كۆيۈپ كەتسۇن، ھارام تاماق! —
دېدى - دە، ئەلەم بىلەن ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەن-
دەك قىلىپ دۇم ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى.»

(3) ھېكايىنىڭ تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تولۇق
كامالەتكە يەتكەن ئۆلگىسى بولۇپ، ئىنتايىن جانلىق ۋە ئوب-
رازلىق. كىتابخاندا قىزغىن ئىستېتىك روھ، خۇشچاقچاق،
يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم پەيدا قىلىدۇ. كۈچلۈك ھېس - تۇي-
غۇ قويۇق سىڭدۈرۈلگەن بايانچىنىڭ ھېكايىسى باشلىنىش
بىلەنلا ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال تىل ۋە قىزىقارلىق
بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ئار-
قىلىق كىشىنى تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ. پېرسو-
ناژلارنىڭ تىلى قىزىق، يۇمۇرلۇق، قىسقا ۋە ئىخچام

پىششىقلاشتىن ئۆتكەن تىل بولۇپ، خاراكتېرگە ماس بېرىلگەن مەسىلەن:

«خوش ئۇستام! بۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ.

— ئۈزۈمنى باغ، چۆرىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ مەتنىياز.»

«مەن دەرەش تۇتسام ئۇنىڭ ئۇچى ئۆتۈكىنىڭ چەمگە كىرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ.»

«پادىشاھى جەمشىت لەيلىنۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۆتنۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزنى قىمارغا تىكتى. لەيلىنۋەش بۇ نازىنىن پەرىزاتنىمۇ ئۇتۇۋالدى - دە، ھى، ھى، ھى، ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلەتتى...»

زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرى كۆتۈرۈپ چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، ئېچىپ بەرگەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنىڭ مۇھىملىقى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى.

# «دونكىخوت» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە روماننىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

مىگېل دې سېرۋانتېس 1547 - يىلى ئىسپانىيىنىڭ ئەلكەبىدە ئانارىس شەھىرىدە دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سېرۋانتېس كىچىك ۋاقتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، ئائىلىسى بىلەن بىللە سەرسانلىق - سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ خىل سەرگەردانلىق تۇرمۇش ئۇنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىشىگە ئاساس بولغان. سېرۋانتېس 1570 - يىلدىن 1575 - يىلغىچە ئىتالىيىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. بۇ دەۋردە ئۇ ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى دانتې تاسسولارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىي قىزىقىش بولغۇسى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئۆسۈپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. 1575 - يىلى سېرۋانتېس ئىسپانىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقا ئەسىرلەر قاتارىدا ئالجىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىمالىي ئافرىقا زېمىنىدا بەش يىللىق ئەسىرلىك

ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ.
يازغۇچىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇدھىش ئەسىرلىك ۋە ئېغىر تۇرمۇشقا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، مۇشۇ مەزگىللەردىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا «ئالجىر ئادەتلىرى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي-دۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ھاياتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بىلەنمۇ ئىچكىرىلەپ تونۇشىدۇ. خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ مەشھۇر رومانى «دونكىخوت»نى يېزىشىغا ئاساسىي ماتېرىيال بولىدۇ.
«دونكىخوت» دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر رومانلارنىڭ بىرى. ئاپتور بۇ رومانىدا ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى رىتسارلىق تۇرمۇشىنىڭ ئەخمى-قانە ھەرىكەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، جەمئىـ-يەت تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغان بۇ خىل تۇرمۇشقا قىزىقىشنىڭ خاتالىقىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىدۇ.
پادىشاھ ۋە بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغۇچى ئاتلىق قوشۇنلار ئىسپان تىلىدا «رىتسار» دەپ ئاتىلاتتى. قالاق فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا رىتسارلار ئۆزلىرىنى غايىۋىلەشتۈرۈپ، چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلار-غا تەقلىدلەشتۈرەتتى ۋە دۇنيادا تەڭداشسىز ئەقىل ـ ئىدراك، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ قولىدىن

كەلمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان مىسلىسىز زور قەھرىمانلار، دەپ ھېسابلايتتى؛ ئۇلار نادانلىق، خۇراپىي، دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئاسارىتىدە تۇرمۇشقا قارىتا كۆپىنچە ئەخمىقانە خام خىياللاردا بولاتتى، جاھاندا ئۆزگىرىش قىلىش، ھاياتنى ياخشىلاش ھەققىدە قۇرۇق سەپسەتىلەرگە ئاساسلانغان، قىلچە ئەمەلىي ئاساسى يوق ئارزۇلاردا بولۇپ، ئۆزلىرىنى گويا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن تاشقىرى بىر ئورۇندا ياشاۋاتقان ئالاھىدە تەقلىتتىكى كىشىلەر قاتارىدا ھېسابلىشاتتى. ئوتتۇرا ئەسىر قۇللۇق جەمئىيىتىدە ياۋروپادا بىر مەزگىل مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئادەملەر ۋە ئىشلارنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «رىتسارلار ئەدەبىياتى» دەپ نام بېرىلگەندى.

يازغۇچى بۇ رومانىدا ئەمەلىيەتتىن، تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، قۇرۇق سەپسەتىلەر بىلەن تولغان «رىتسارلار ئەدەبىياتى»نىڭ ئوتتۇرۇقسىزلىقى ۋە خام خىيالچىلىقىغا قاتتىق ئىتىراز بىلدۈرۈپ، ئاللىقاچان ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان رىتسارلىق تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىنى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قۇللۇق جاھالىتى، دىنىنىڭ دەھشەتلىك ئىسكەنجىسى، كىشىلەرنىڭ ئاق - سەۋىيىسىدىكى نادانلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچلۈك پاش قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. دونكىخوت ئوبرازى

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان دونكىخوت گۆمران بولۇپ، يوقىلىشقا يۈز تۇتقان رىتسارلىق تۇرمۇشنىڭ ساختا، خام خىياللاردىن ئىبارەت بولغان بارلىق سەپسەتىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇ سەپسەتىلەرنى قايتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن جان تالىشىۋاتقان تىپ. روماندا ئۇنىڭ ئۆز سەپسەتىلىرىنى، ئۆز خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرى تېما قىلىنغان.

دونكىخوتنىڭ ئەسلى ئىسمى جىسانىنا بولۇپ، لاماچا دېگەن يەردىكى بىر يېزىنىڭ سۇنغان مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە كىتابخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، رىتسارلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن خىيالىي رومانلارنى ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ رومانلاردا يېزىلغان ۋەقەلەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، ھازىر بۇنداق رىتسارلىق قەھرىمانلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلار ئازىيىپ يوقاپ كېتىپ بارىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەنە شۇنداق مىسلىسىز كۈچلۈك، ئەقىل - ئىدراك، كۈچ - قۇۋۋەت، نام - شۆھرەتكە ئىگە رىتسار بولۇپ، جاھان كېزىپ، ئالەمنى ئۆزى تەنها ئىدارە قىلىپ، كىتابتىكى رىتسارلار ئورۇنلىيالمىغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاجىز - بىچارىلەرنى يۆلەپ، زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلماقچى بولىدۇ.

دەرسلىككە بۇ روماندىن ئىككى پارچە كىرگۈزۈلگەن. بىرىنچى پارچىدا، دونكىخوت رىتسارلار تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇۋېرىپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقانلىقىدىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق ساراڭنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقماي- دىغان بىر ئەخمىقانە ئوي پەيدا بولغانلىقى بايان قىلىن- غان. بۇ ئوينى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىدىن قېلىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تاشلىنىپ، داتلىشىپ كەتكەن ساۋۇت - قالقان، دۇبۇل- غىلارنى سۈرتۈپ تازىلايدۇ، سۇنغان ئورۇنلىرىنى كاردون قەغەزلەر بىلەن چاپلاپ ياسايدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، سەپەرگە چىققاندا مىنىدىغان ئېتىنى (تۇلپارىنى) كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا شان - شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر رىتسارنىڭ نامىغا مۇۋاپىق ئىسىم قويۇش ئۈچۈن تۆت كۈن باش قاتتۇرۇپ، «روسىنانت» دېگەن ئۇلۇغ بىر ئىسىمنى قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىگە قەھرىمانلىق شۆھرىتىگە لايىق ئىسىم تاللايدۇ. ئۆزىگە ئىسىم قويۇش ئېتىغا ئىسىم قويۇشتىن قىيىن بولىدۇ. ئۇلۇغۋار بىر ئىسىمنى تاللاش ئۈچۈن، ئېتىنىڭ ئىسمىنى قويۇشقا قارىغاندا بىر ھەسسە ئۇزۇن ۋاقىت — سەككىز كۈن كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىگە كىتابتىكى مەشھۇر رىتسارلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۇرۇق - ئەۋلادى، يۇرتى تەلتۆكۈس ئىپادىلىنىدىغان ھەم قەھرىمانلىق شۆھرىتىگە مۇناسىپ كېلى- دىغان قىلىپ «دونكىخوت دى لامانچا» دەپ ئىسىم قويىدۇ.

روماندىن ئېلىنغان ئىككىنچى پارچىدا دونكىخوتنىڭ سانچاپانسا بىللە ۋەقە ئىزدەپ سەپەر قىلىش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن «قەھرىمانلىق»لىرىنىڭ

بىر قىسمى يەنى شامال تۈگمەنلىرى — دەھشەتلىك دىۋىلەر بىلەن ئېلىشقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ، دونكىخوتنىڭ كاللىسىنى بەند قىلىۋالغان خام خىياللار بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغان ۋە شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولىسمۇ، قىلچە ھار ئالماستىن سەۋدايىلارچە روھىي غالىبىيەتچىلىك بىلەن تەسەللىي تاپىدىغان رەزىل خاراكتېرىنى يېتەرلىك ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئاپتور روماندا دونكىخوت ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئەمەلىي ھەرىكەت، سانچاپانسا بىلەن قىلىنغان سۆھبەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن تەسۋىرلەپ، فېئودالىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن مەھكەم چىرمىشىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئىدىيىۋى سىستې-مىسى ئۇزۇن ئەسىرلىك قالاق ئادەت كۈچلىرىنىڭ بىر يۈرۈش سەپسەتىلىرىنى مۇقەددەس دەپ قارايدىغان ئېتىقاد-چىلىرىنى نەقەدەر قاتتىق زەھەرلىگەنلىكىنى كۈچلۈك دەرىجىدە پاش قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇنداق سەۋدايىلارچە ھەرىكەتلەرنى پەردازلاپ ئەسەر يېزىپ، ئۆلۈپ بولغان ساختا ئەقىدىلەرنى تەرغىب قىلىشلارنىڭ ئىنتايىن بىمەنى-لىك ئىكەنلىكىنى، كىمكى ئەگەر ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئاي-رىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخىي تەرەققىياتقا قارشى چىقىپ، زورمۇ زور ساختا ئەقىدىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇ-نىڭ مۇقەررەر ھالدا دەۋر چاقىنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ، يوق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دونكىخوت جاھىللىق بىلەن رىئال ئەمەلىيەتكە قارـ
شى چىققان بولسىمۇ، ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ كۈنسېرى
ئىلگىرىلەۋاتقان قەدەمىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.
ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ رىئاللىققا يات ساختا ئەقىدىلىرىنىڭ
قۇربانىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن تېتىقسىزلىقىنىڭ، قۇرۇق خىيالـ
پەرەسلىكىنىڭ، روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە
ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە ۋە كۈلكىسىگە سەۋەب
بولىدىغان سەلبىي تىپ بولۇپ قالىدۇ.

## 3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

«دونكىخوت» رومانىدىن تاللىۋېلىنغان بۇ ئىككى
پارچىدا دونكىخوتنىڭ خاراكتېرى ئۈچ تەرەپتىن تولۇق
ئېچىپ بېرىلگەن.

1) ئۇنىڭ سەپسەتىلەر بىلەن تولغان كىتابلارنى
تولا ئوقۇپ قاتتىق زەھەرلەنگەن، مۇتەئەسسىپ روھىي
ھالىتى — ئىدىيىۋى ھېس - تۇيغۇسى چوڭقۇر ئېچىپ
بېرىلگەن. ئۇنىڭ «ھەرقانداق سارائىنىڭ كاللىسىغا كىرىپ
چىقمايدىغان ئويغا كېلىشى» نەق مۇشۇنداق خاراكتېرنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتىدۇر.

2) دونكىخوتنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىش
ئالدىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى — كونا قالقان، ساۋۇت -
دۇبۇلغىلارنى تازىلىشى، رېمونت قىلىشى، ئېتىغا ۋە ئۆزىگە
ئىسىم قويۇشى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. مانا بۇ خىل
ھەرىكەتلەر پەقەت سەۋدايىلارلا، «... كاللىسىغا چاقپەلەك
ئورنىتىلغان ئادەم» لەرلا قىلىدىغان ئىشلاردۇر.

3) ئۇنىڭ خاراكتېرى سانچاپانسا بىلەن ۋەقە ئىزدەپ چىقىپ، باشتىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىرى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تۇتقان ساختا پوزىتسىيىسى ھەم سانچاپانسا بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. «تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىشىمىز ئۆزىمىز ئويلىغاندىكىدىنمۇ ئوڭغا تارتتى. قارىغىنا ئۇ ياققا دوستۇم سانچاپانسا، سەن ئاۋۇ 30 نەچچە دەھشەتلىك دىۋىنى كۆرگەنسەن؟ مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن.» مانا بۇ «شانۇ شۆھرەتلىك» دانا رىتسارنىڭ ئاقىلانىلىكى...

# «نىلۇپەر كۆلنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جۇزىچىڭ 1898 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1948 - يىلى ۋاپات بولغان. ئەدەبىي تەخەللۇسى پېي شيەن. ئۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نەسر يازغۇچى ۋە شائىر. بۇ نەسر «جۇزىچىڭ ئەسەرلىرى» توپلىمىدىن ئېلىنغان بولۇپ، 1927 - يىلى يېزىلغان.

«نىلۇپەر كۆلنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» لىرىك نەسر بولۇپ، ئاپتور كۆلنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رېئاللىقتا بولغان باھاسى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

مۇشۇ ئەسەرنىڭ يېگىرمىنچى يىللىرى بىر قىسىم جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىدا مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. ئۇلار غەربنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يېرىم فېئوداللىق - يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، جەمئىيەتتە غەربچە ئۆزگىرىش بولۇشىنى، ئەركىنلىكنى ئارزۇ قىلاتتى، جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ مۇستەبىت

ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىدىيىۋى ھېس - تۇيغۇلارغا ئىگە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنى يېڭىلايدىغان كۈرەشنىڭ داۋلىلىرىنى ئەڭ توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ماركسىزمچە كۆز قاراش ۋە ئىدىيە بىلەن قوراللانمىغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتنى سىنىپىي جەھەتتىن تەھلىل قىلالماي ۋە تېگى - تەكتىدىن چۈشىنىپ كېتەلمەي، ئىنقىلابنىڭ يورۇق ئىستىقبالىنى روشەن كۆرەلمەي، چۈشكۈنلۈك ھېس - تۇيغۇلارغا ئاسانلا مەھكۇم بولۇپ قالاتتى. جۇزىچىڭ ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى قاراشلىرى بۇ نەسىردە ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان.

## 2. نەسىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

يازغۇچى نەسىرنىڭ بېشىدىلا نىلۇپەر كۆلى سەيلىسىدىن بىر ئازادىچىلىك ھېس قىلىپ، «باشقىچە بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك»، «ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلاتتىم» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال جەمئىيەتتىن قىسىلغانلىقىنى، زېرىككەنلىكىنى، نارازىلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە رېئاللىقتىن قېچىش، رېئاللىقتىن خالىي بولۇشتەك كەيپىياتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتور يەنە «بۇ چەكسىز نىلۇپەرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىناي» دېگەن ھېسسىياتى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتتە دىل ھۇزۇرلانغۇدەك شارائىتنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇ تەبىئەتنىڭ ئەنە

شۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنىلا ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى دەپ قاراپ رېئاللىقتىن قاچىدۇ.

ئاپتور كۆل مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بولغاندىن كېيىن «بۇنداق چاغلاردا دەرەخ ئۈستىدىكى تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى، پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى راسا قىزىپ كېتەتتى؛ لېكىن بۇ قىزىقچىلىق پەقەت شۇلارنىڭلا بولۇپ، مەندە ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ قۇرلاردىن يازغۇچىنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپقۇدەك بىرەر نەرسىگە ئىگە بولالمىغانلىقىنى، نىشانسىز يالغۇزلۇق ھەسرىتى، زېرىكىش تولۇق نامايان بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبى قۇرۇق، ئۇنىڭدا رېئاللىق ھەققىدە ھېچقانداق خىيال يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يازغۇچىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى رېئاللىقتىن نارازى بولۇشى ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلغارلىقىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ رېئاللىقتىن قېچىش، رېئاللىقتىن خالىي بولۇش ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئۈمىدسىزلىك ۋە يالغۇزلۇق ھېسسىياتلىرى توغرا بىر غايىگە ئىگە بولالمىغان چۈشكۈن ھالىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3. نەسىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان نەسىر بولغىنى ئۈچۈن، نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى گۈزەل كۆرۈنۈشىنى خۇددى بىر ماي بوياق سۈرەتتەك، رەڭمۇ رەڭ، كونكرېت قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى:

1) مەنزىرە تەسۋىرىنى يازغاندا شەيئىلەر رەت تەرتىپى بويىچە تەسۋىرلەنگەن. يەنى ئالدى بىلەن نىلۇپەر كۆلىگە بېرىشتىكى يول تەسۋىرلەنگەن. كۆلنىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلىگەندە ئالدى بىلەن كۆلنىڭ شەكلى، ئاندىن نىلۇپەر گۈلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاي شولىسى، ئاخىرىدا كۆل ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكلەر رەت بويىچە بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

نىلۇپەر گۈلىنى تەسۋىرلىگەندە كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مەسىلەن: دەسلەپ نىلۇپەرنىڭ يوپۇرمىقى (ئۇ ئەڭ بالدۇر كۆرۈنىدۇ)، ئاندىن يوپۇرماق ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ تۇرغان غۇنچىلىرى، كېيىن دالدىدا ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىلىرى تەسۋىرلىنىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە شامالدا دولقۇنلىنىشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

2) نەسىردە مەنزىرىلەرنى ئۇلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەپ، مەنزىرىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ نەسىردە بۇ قائىدىگە تولۇق ئەمەل قىلىنغان. «نىلۇپەر كۆلى»نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ يۈزىدە ئېچىلغان سانسىزلىغان نىلۇپەر گۈللىرىنىڭ بولغانلىقىدا. شۇڭا ئاپتور بۇ ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، كۆلنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق مەنزىرىسىنى ياراتقان.

كېچىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئايدىڭ، ئورماننىڭ ئالاھىدىلىكى مەجنۇنتال بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئالاھىدە زېھىن قويۇپ تەسۋىرلەنگەن.

3) ئاپتور مەنزىرىلەرنى تەشكىل قىلىۋاتقان ھەر بىر شەيئىگە نىسبەتەن تۈرلۈك ستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىش-

لىتىپ، ئۇلارنى كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بەزى شەيئىلەرنى ئۆز سۈپىتى بىلەن روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، بەزىلىرىنى كونكرېت شەيئىلەرگە ئوخشاتقان، بەزىلىرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن: نىلۇپەرنىڭ يوپۇرمىقى «تاۋاق»قا ئوخشىتىلىپ، ئۇنىڭ قارامتۇل يېشىل رەڭگى بىلەن دۈگىلەكلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ مەلۇم گرادۇستا يانتۇ تۇرۇشى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ كۆڭلىكىگە ئوخشىتىلغان. نىلۇپەرنىڭ ئېچىلغان گۈلتاجىسىنىڭ نۇرلۇقلۇقى مەرۋايىتلارغا ئوخشىتىلغان بولسا، زىچلىقى يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىلغان. يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىدا يېرىم - ياتا كۆرۈنگەن بەزى گۈللەر «ئۇياتچانلىق بىلەن مارىغاندەك» دەپ جانلاندۇرۇلغان. سېخىيلىق بىلەن گۈل - گىياھلارغا چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسى «خۇددى قۇيۇلۇۋاتقان سۇ»غا ئوخشىتىلغان بولسا، كۆل ئۈستىدىكى سۇس تۇمان، نېپىز شايىغا ئوخشىتىلىپ، تەسۋىرلەۋاتقان مەنزىرە كىتابخانلار كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگۈدەك ئېنىقلىققا ئىگە قىلىنغان. ئاي شۇلىسىدا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يوپۇرماقلار «سۈتتە يۇيۇلغاندەك» دەپ ئوخشىتىلىپ، روشەن قىياپەت ئالغان. كېچىدىكى قويۇق ئورمانلار ئىس - تۈتەككە، ئورمان ئارىلىقىدىن كۆرۈنگەن يول چىراغلىرى ئۇيقۇسىرىغان كۆزلەرگە ئوخشىتىلغان.

ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك ستىلىستىك ۋاسىتىلەر كۆل مەنزىرىسىنى خۇددى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغاندەك جانلىق، كونكرېت ھەم ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

# «دانكو» توغرىسىدا تەھلىل

«دانكو» — گوركىي ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىلغار رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان «ئىزىرگىل موماي» (1895 - يىل) ھېكايىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە يۈكسەك رومانتىك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق «دانكو» ئوبرازىنى يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، بۇ ئىنقىلابتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي يولباشچىلارغا موھتاجلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

«دانكو» دەل خەلقنىڭ قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك جاڭگاللىنىڭ ئۆلۈم خەۋپىدىن، يات تائىپىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا يولباشچىلىق قىلغان خەلق قەھرىمانى. ھېكايىدە يات تائىپىنىڭ بېسىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى قوللۇققا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلغان دانكونىڭ تائىپىسى قېلىن جاڭگاللىققا يوشۇرۇنغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كىشىلەر جاڭگال ئىچىدە ماڭغانسېرى دەرەخلەر قېلىنلىشىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى سېپىلدەك توسۇۋالىدۇ. سازلىقنىڭ سېسىق پۇرىقى دىماغنى يېرىپ كىشىلەرنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

خەلقنىڭ ئالدىدا ئىككىلا چىقىش يولى قالغانىدى:

بىرى، جاڭگال ۋە سازلىقنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئارقىغا يېنىپ يات تائىپىگە تەسلىم بولۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىكتىن مەڭگۈگە مەھرۇم بولۇش؛ يەنە بىرى قۇربان بولۇشتىن قورقماي، جاڭگاللىق، سازلىقنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىنى يېڭىپ قانداق قىلىپ بولمىسۇن يول تېپىپ، يورۇق دۇنياغا يېتىپ ئازاد، ئەركىن يېڭى ھايات يارىتىش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشتا نۇرغۇن مۇنازىرىلەر يۈز بېرىدۇ. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە دانكو ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، بىرىنچى يول بىر قەدەر ئاسان يول بولسىمۇ، لېكىن مەڭگۈلۈك قۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان زۇلمەتلىك يول ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچى يول جاپا - مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېلىپ بارىدىغان پارلاق يول ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ: «ئېتىلغان تاشنى ئوي ئويلاش بىلەن قايتۇرۇپ بولمايدۇ. ھېچنېمە قىلمىغان ئادەمدىن ھېچنېمە قالغۇلۇق ئەمەس. نېمانچە كۆپ كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى قايغۇغا سەرپ قىلىۋېرىمىز؟ تۇرۇڭلار جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرەيلى، شۇنىڭ ئىچىدىن يول تېپىپ چىقىپ كېتىمىز. جاڭگاللىقنىڭ چېتى باردۇ. دۇنيادا باش - ئاخىرى يوق نەرسە بولمايدۇ. يۈرۈڭلار! قېنى كەتتۇق!» دەپ باتۇرلۇق بىلەن خىتاب قىلىپ كىشىلەرنى باشلاپ ماڭىدۇ.

كىشىلەر دانكوغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا باسقان بولسىمۇ، قىيىنچىلىق، توسالغۇ تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر جاندىن ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدىمى نۇرغۇنلىغان ماڭلاي تەر بەدىلىگە توخ-

تايىدۇ. قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنىڭ دەھشىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن خەلق دانكونىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆز ئىرادىلىرىدىن يېنىۋالماقچى بولۇشىدۇ. ھەتتا دانكونى كېيىن ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبكارى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇشىدۇ.

يازغۇچى ھېكايە سۈژىتىنى مانا شۇنداق كەسكىن دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى يوقىتىپ، پارلاق يېڭى دۇنيانى بەرپا قىلىش ھەم مۇشەققەتلىك، ھەم شەرەپلىك، ئۇلۇغۋار ئىش ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. دانكونىڭ خاراكتېرىمۇ مۇشەققەتلىك كۈرەش ئىچىدە يۈز بەرگەن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى تونۇش؛ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى مايىللىق، تەۋرىنىش بۆلۈنۈشتەك گىرەلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلەرگە تۇتقان توغرا ۋە ھەققانىي، قەتئىي ۋە كەسكىن مەيدانى، پوزىتسىيىسى ئارقىلىق تولۇق ئېچىپ بېرىلىدۇ. دانكو كۈرەشنىڭ ئەڭ جاپالىق پەيتىدە يۈز بەرگەن تەۋرىنىش، بۆلۈنۈشلەرگە قارىتا قەتئىي پوزىتسىيىدە بولىدۇ. «سىلەرنى باشلاپ ماڭغۇدەك مېنىڭدە غەيرەت بار ... سىلەر ئۆزۈڭلارغا قانداق ياردەم كۆرسەتتىڭلار؟» دەپ باشقىلارنىڭ بوشاڭلىقىنى ۋە ئىرادىسىزلىكىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن دانكودا مۇنداق سۇنماس غەيرەت - جاسارەت پەيدا بولغان؟ چۈنكى «ئۇ ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتى» خەلقنىڭ مۇشەققەتلىك شارائىت ئىچىدە يول تاپالماي، بىر يامان تەقدىرگە بىھۇدە دۇچ كېلىپ قېلىشىغا ھەرگىز چىدىمايتتى. ئۆزى بولمىسا «ئۇلارنىڭ ھا-

لاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى» بىلەتتى. دانكونىڭ خەلققە
مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت بىلەن تولغان «يۈرىكى خەلق-
نى قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ ياناتتى». دانكو-
دا مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار غايە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كى-
شىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ياخ-
شى ئىشلىرىنى چۈشەنمەي قىلغان تاپا - تەنىلىرى، تۆھ-
مەت - قارىلاشلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يېڭىپ،
ئۇلارنى قەتئىي تەۋرەنمەي، ھېچبىر بوشاڭلىق، ئىككىلى-
نىش، مۇرەسسەچىلىكلەرگە يول قويماي ئالغا بېسىشقا رىغ-
بەتلەندۈرىدۇ. ھەتتا كىشىلەر نادانلىق ۋە ئاڭسىزلىق بى-
لەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، لاۋۇل-
داپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشىلەرگە
نىجاتلىق يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مانا شۇ چاغدا دانكو-
نىڭ «ئادەملەرگە بولغان ئۇلۇغ مۇھەببەت پانۇسى بىلەن
يورۇغان پۈتۈن جاڭگاللىق »جىمىقىدۇ. «قاراڭغۇ زۇلمەت
يورۇقلۇقتىن قېچىپ، جاڭگاللىقنىڭ ئىچىدىكى سېسىق
سازلىققا بېرىپ» تىقىلىدۇ. كىشىلەر دانكوغا ئەگىشىپ تې-
خى يېڭىلا ياغقان يامغۇر بىلەن تازىلانغان ھاۋاغا ۋە
كۆن نۇرىغا چۆمۈلگەن گۈزەل ۋادىغا قەدەم قويىدۇ، قۇل-
لۇق ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىككى مۇدھىش دۈشمەنىنىڭ
ئاسارىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

دانكو ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكىنىڭ شې-
رىن تەمىنى تېتىغانلىقىنى كۆرگەندە ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە
ئاشقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، كەڭ ۋادىغا بەختيارلىق تە-
بەسسۇمى بىلەن باقىدۇ - دە، مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ.
ھېكايىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا دانكو خاراكتېرى ئەڭ تولۇق

گەۋدىلەنگەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن دانكونىڭ ئۆزىنىڭ
هايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، خەلقنىڭ ئازادلىق،
ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئالىيجاناب، پىدا-
كار يولباشچى ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز.

يازغۇچى ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا غەلىبە تەنتەنىسى ئىـ
چىدە يوشۇرۇنۇپ قالغان يەنە بىر ئېچىنارلىق خاھىشنى
ناھايىتىمۇ جايىدا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ غەلىبە
خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن خەلق ئۆز نىجاتكارىنىڭ كۆرەشتە
ئوينىغان رولىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. دانكونىڭ مەرد-
لەرچە قۇربان بولغانلىقىغا، ئۇنىڭ جەسىتى يېنىدا يېنى-
ۋاتقان يۈرىكىگە ھېچكىم ئېتىبار قىلمايدۇ. پەقەت بىر
ئېھتىياتلىق كىشى ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ نېمىدىندۇر
قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ مەغرۇر يۈرىكىنى دەسسىۋالىدۇ،
نەتىجىدە مەشئەلدەك نۇر چېچىپ، ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇ-
رۇۋاتقان نۇر چېچىلىپ كېتىدۇ ـ دە، مەڭگۈگە ئۆچمەيدى-
غان نۇرغا ئايلىنىپ جاھانغا تاراپ كېتىدۇ.

ئاپتور نېمە ئۈچۈن ھېكايىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇر-
غان؟ ئاپتور بۇ ئارقىلىق كىتابخانلار ئالدىغا شۇنى قوي-
ماقچىكى، گەرچە دانكو مەردلىك ۋە جاسارەت بىلەن خەلق-
نى قۇللۇق ۋە ئۆلۈم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش يولىغا باش-
لىيالىغان بولسىمۇ، لېكىن غەپلەتتە ياتقان ئاممىنى ھەقى-
قىي رەۋىشتە ئويغىتالمىغان. ئۇنىڭ سەۋەبى پرولېتارىيات
ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەم
قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يولباشچىلارنىڭ چەكلىمى-
لىكى ۋە بىر تەرەپلىملىكىدىن ئىبارەت. ئاپتور ئۇلار
ئارقىلىق ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم مە-

سىلىسلەرنىڭ بىرى خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى ئۆز ھەرىـ
كىتىنىڭ مەقسەت، مۇددىئاسىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان قىـ
لىش لازىملىقىنى، خەلق رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىنى كۆرەش
جەريانىدا جەزمەن ھەل قىلغانىدىلا ئىنقىلابنى تەلتۆكۈس
غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

ھېكايىنىڭ «دانكو» قىسمىدا ئاساسەن دانكو خاـ
راكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئاپتور
دانكو ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۈچ تەرەپتىن
تەسۋىرلەش ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

1) دانكونىڭ تائىپىسى ياشاۋاتقان ئورمۇننىڭ زۇلمەتـ
لىك مەنزىرىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى
ئېچىپ بېرىلگەن. قەدىمكى جاڭگاللىقنىڭ قېلىن دەرەخلىرى
خۇددى سېپىلدەك بولۇپ، كىشىلەرنى تۇنجۇقتۇرۇپ دىمىغىنى
ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆلۈم خەۋپى بىر قىسىم ئىرادىسىز كىـ
شىلەرنى ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلار ئۆلۈمـ
دىن قورقۇپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولماقچى بولىدۇ. دەل
مۇشۇ ۋاقىتتا دانكو ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ئۇلارنى
نىجاتلىق يولىغا باشلايدۇ. ئاپتور ئاشۇنداق قىيىن شاراـ
ئىت، كىشىلەرنىڭ تەۋرىنىشلىرى ئارقىلىق دانكونىڭ تاغ
يۈرەك، قەيسەر، مەرد جەڭچى ۋە ئىرادىلىك يولباشچى
ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

2) دانكونىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ توغرا ۋە قەتئىي
گەپ سۆزلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. دانكونىڭ
«ئېيتىلغان تاشنى ئوي ئويلاش بىلەن كەينىگە قايتۇرۇپ

بولمايدۇ. ھېچنېمە قىلمىغان ئادەمدىن ھېچنېمە قالغۇلۇق ئەمەس، نېمانچە كۆچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى غەم ـ قايغۇغا سەرپ قىلىۋېرىمىز؟! تۇرۇڭلار! جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرەيلى...»

قاتارلىق خىتابلىرى قايمۇقۇپ قالغان كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ. ئۇلار بىردىنلا ئۆزلىرىگە يول باشلايدىغان رەھبەرگە ئىگە بولغانلىقىنى بىلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. مېڭىش جەريانىدىكى شۇبھىلىنىش، ئىشەنمەسلىك، ئىككىلىنىشلەرگىمۇ ئۇ قىلچە پىسەنت قىلماي ئۇلارغا ھەققانىيەت يولىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) دانكونىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ پىداكارلىق روھ بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. يەنى دانكونىڭ قىيىن شارائىت ئالدىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە ئەڭ ئاخىردا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن كىشىلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كەلگەندە، ھېچقانداق ئىككىلەنمەي تۇرۇپ، كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، خەلقنى باشلاپ ماڭغانلىقى، خەلق خۇشاللىققا ئېرىشكەندە مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن.

ھېكايە سۇژىتىنىڭ كولمىناتسىيىسى دەل دانكونىڭ كىشىلەرگە پىداكارلىق بىلەن قىلغان ياخشىلىقنى چۈشەنمىگەنلەرگە جاۋابەن كۆكرىكىنى يېرىپ، يالقۇنلۇق يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ، ئۇلارنى باشلاپ ماڭغانلىقىدۇر. يازغۇچى مۇنداق پەۋقۇلئاددە جاسارەتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. دانكوغا بولغان ھېسداشلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

# «كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بۇ دەرس تېكىستى 1920 - يىلى پۈتۈن روسسىيە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىدا لېنىن تەرىپىدىن قىلىنغان دوكلاتتىن تاللىۋېلىنغان.

1920 - يىللىرى سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بىر دەۋر بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ كوممۇنىزمنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنى قانداق ئۆگىنىش، قانداق قۇرۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تولۇق ئەمەس ئىدى، بۇ توغرىدا ياشلار ئىچىدە بىر قىسىم مۈجمەل ھەم خاتا كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارغا كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش ۋە قانداق قىلىپ كوممۇنىزمچى بولۇش ھەققىدە توغرا چۈشەنچە ۋە توغرا يول كۆرسىتىپ بەرمىگەندە، ئۇلار ھەر قەدەمدە خاتا يوللارغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلۇغ داھىي لېنىن بۇ نۇتقىنى ئەنە شۇنداق سىياسىي ۋەزىيەتتە ئېلان قىلىپ، مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ياشلارغا، جۈملىدىن كوممۇنىزمنى ئۆگەنگۈچى بارلىق كىشىلەرگە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

## 2. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

لېنىن بۇ ئەسەردە قانداق قىلغاندا كوممۇنىزمنى توغرا ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەسەر مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرگە كىرىدۇ.

لېنىن بۇ نۇتقىدا كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ كېلىپ، «ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆز مېڭەڭنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچى بولالايسەن» دېگەن ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماركسنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قانداق بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىزم تەلىماتىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېنىن ئالدى بىلەن كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ قانداق قىلىپ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى، بۇ ھەقتە ماركسنىڭ قانداق جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىپ، «ماركس ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم شارائىتىدا ئېرىشكەن بىلىملىرىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىغا تاياندى... ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەكشۈردى، ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ ئېتىبارسىز قالدۇرمىدى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ پىكرى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-

گەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلدى، تەتقىق قىلدى. بۇ بىلىملەرنى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ تار رامكىلىقى بىلەن چەكلىنىپ قالغان ياكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى بىلەن چەكلىنىپ قالغان كىشىلەر چىقىرالمىغان خۇلاسىنى چىقاردى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى رېئال پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ماركس ئىنسانىيەت تەرەپىدىن يارىتىلغان ھەممە بىلىم بايلىقلىرىنى تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئۇلۇغ كوممۇنىزم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۇلۇغ كوممۇنىزمچى بولالىغان.

ناتىق بۇ نۇتقىدا ئالدى بىلەن توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويماي، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى يەنى «يادلاش بىلەن كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش»، «كوممۇنىستىك دەرسلىكلەردىنلا كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش» قاتارلىق خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەھلىل - تەتقىق قىلىپ، ئاندىن كېيىن تۆپكى نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسىي پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تۆپكى نۇقتىئىنەزەرنى يەكۈنلەپ چىققان. تۆپكى نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، تۆپكى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلىنىپ، نۇتۇقنىڭ بېشىدا كۆرسىتىلگەن بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئاساسىي خاتالىقىنى تېخىمۇ يورۇتقان. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

## 3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1. لېنىن ئالدى بىلەن مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مە-سىلىنىڭ جىددىيلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاكتىلىغۇچىلار-نى (كىتابخانلارنى) ئۆز نۇتقىغا كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، ئاندىن ئۇنى پەيدىنپەي ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە ئۆتكەن (1-، 2- ئابزاسلار).

2) توغرا نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ-نىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا بىر مۇنچە گەۋدىلىك بولغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تەھلىل قىلىپ، ئاكتىلىغۇچىلاردا روشەن سېلىشتۇرما ئىدىيىۋى تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق روھىي تەييارلىققا ئىگە قىلغان، ئاندىن كېيىن پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاكتىلىغۇچىلارنى توغرا نۇقتىئىنەزەرگە باشلاپ كەلگەن.

3) پاكىت بىلەن نۇقتىئىنەزەر، ئىسپاتلاش بىلەن رەت قىلىش بىر - بىرىگە باب ھالدا قويۇلۇپ، پىكىر، كۆز قاراش ئىشەنچلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە ئىسپاتلاش، رەت قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، تەھلىل قىلىش جەھەتلەردە زىستىلىق بولماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا پىكىرنى توغرا ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ تېكىست بۇ جەھەتتە بىر يۈكسەك ئۈلگىدۇر.

4) لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەك-كۇر زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر بىر ھادىسە، پىكىر، ھېسسىيات ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن دەل جايىدا ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

# «غۇنچەم» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. «غۇنچەم» دراممىسىنى تونۇشتۇرۇش

يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسى ئۈچ پەردە، ئالتە كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ، ئاساسىي قەھرىمانى غۇنچەم. تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بۇ ناخشا - مۇزىكىلىق درامىدا ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار ۋە قەيسەر دېھقان قىزى غۇنچەم بىلەن ئەمگەكچان، سادىق ۋە باتۇر دېھقان يىگىتى نۇرۇمنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى بايان قىلىنىدۇ.

درامىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ بىر تەرىپىدە غۇنچەم ۋە ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى نۇرۇم باشلىق كەمبەغەل دېھقانلار تۇرسا، يەنە بىر تەرىپىدە ئۆمەر شاڭيۇ باشلىق بايلار، غالچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى لوزۇڭ تۇرىدۇ. دراماتورگ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېزىلاردىكى ئىككى سىنىپ يەنى كەمبەغەل دېھقانلار سىنىپى بىلەن باي، پومېشچىكلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنى مانا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە تايانغان زالىم فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى چىنلىق بىلەن پاش قىلىپ، مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرماي تۇرۇپ، ھەقىقىي ئازادلىق ۋە ھەقى-

قى مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

دراما چەكلىك ۋاقىت، چەكلىك ئورۇن (سەھنە) ئىچىدە ئوينىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن درامىدا توقۇنۇش جىددىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرى دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن دراماتىك توقۇنۇش بولمىسا، دراما بولمايدۇ. «غۇنچەم» دە درامىنىڭ بۇ ئاساسىي تەلىپى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلانغان بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

دراما غۇنچەم ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى، غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ پاك مۇھەببىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ قىسىم درامىنىڭ ئېكسپازىتسىيىدۇر. زومىگەر شاڭيونىڭ غۇنچەم ئائىلىسىنىڭ كىچىككىنە بېغى بىلەن چىرايلىق قىز غۇنچەمگە كۆزى چۈشۈشى بىلەن درامىنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشى باشلىنىدۇ. بۇ دراما سۇژېتىنىڭ تۈگۈنىدۇر. شۇندىن كېيىن ۋەقەلىك جىددىي سىنىپىي زىددىيەت — توقۇنۇش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ. زومىگەر شاڭيو ئۆمەرنىڭ كەڭ كەمبەغەل دېھقانلارغا چۈشكەن ئالۋان - ياساقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ مەجبۇرىي يىغىۋېلىشى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى زوراۋانلىق بىلەن يامۇلغا تۇتۇپ بېرىشى، ھىيلىگەرلىك بىلەن غۇنچەمنىڭ ساددا ئانىسىنى ئالداپ، نۇرۇمنى قاپقانغا دەسسىتىشى، ئانىسى ئۆلگەن غۇنچەمنى «ئاتىدارچىلىق» نىقابى ئاستىدا مەجبۇرىي ئۆيىگە ئەكىتىۋېلىشى، ئۆزى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقى، ئايالى شەرۋانىنىڭ قارشىلىقى بىلەن

بۇ نىيىتنى ئىشقا ئاشماي، غۇنچەمنى مەجبۇرىي ھالدا ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشى قاتارلىق ھىيلە - شۇملۇق ۋە زوراۋانلىق ئىچىدە دراما ۋەقەلىكى جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ. كېيىن نۇرۇملارنىڭ غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشى بىلەن توقۇنۇش تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. ۋەقەلىك غۇنچەمنىڭ پاجىئەلىك ھالدا كۆز يۇمۇشىغىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ درامىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، كولمىناتسىيىدۇر.

غۇنچەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، نۇرۇم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ سىنىپىي ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن زومىگەر ئۆمەر شاكىيو ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىشى درامىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ يېشىمىدۇر.

ئۈزۈلدى رىشتىدىن ئۈنچە،
ئېچىلماي توزىدى غۇنچە.
جاھان يوقسۇلغا گۆر بولدى،
زامانىنىڭ خوۋلۇقى شۇنچە.

غۇنچەم ئۆلگەندىن كېيىن، نۇرۇم ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ بىر كۇپلېت قوشاق دەل «غۇنچەم» درامىسىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ فېئوداللىق جەمئىيەت يوقسۇللار ئۈچۈن گۆر بولغانىدى.

قىساس بىزگە قارار بولسۇن،
غەزەپلەر زۇلپىقار بولسۇن.

پاچاقلالسۇن زۇلۇم تەختى،
ئادالەت بىزگە يار بولسۇن.

بۇ قوشاق ئويغانغان نۇرۇم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ زومىگەر ئۆمەر شاكىيودەك زالىملاردىن قىساس ئېلىش يولىدا يېڭى كۆرەشكە ئاتلىنىش ئۈچۈن قىلغان قەسىمىدۇر. دراما فېئودالىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى كۆرەشكە چاقىرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**2. «غۇنچەم» درامىسىنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن 3 - پەردىسى ئۈستىدە تەھلىل**

دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن «غۇنچەم» درامىسىنىڭ 3 - پەردىسى ئىككى كۆرۈنۈشتىن تەشكىل تاپقان.

بىز تۆۋەندە «غۇنچەم» درامىسىنىڭ 3 - پەردىسىنى درامىنىڭ ئاساسي خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلايلى:

1) سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جىددىي توقۇنۇش سەھنە ئەسەرلىرى سۇژىتىنىڭ ئاساسى. توقۇنۇش بولمىسا دراممۇ بولمايدۇ. دېمەك، توقۇنۇش درامىنىڭ جېنى. ئادەتتىكى ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ئېپىك ئەسەرلەردىمۇ ئەلۋەتتە سۇژىت زىددىيەت، توقۇنۇش ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن ئېپىك ئەسەرلەردىكى توقۇنۇش بىلەن درامىدىكى توقۇنۇشنى سېلىشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك پەرقلەر بولىدۇ.

بىرىنچى، درامىدا سۇژىت توقۇنۇشى زىچ ئورۇنلاش-

تۇرۇلىدۇ ۋە جىددىي بولىدۇ.

3 - پەردىنىڭ 1 - كۆرۈنۈشىدە جىددىي كېتىۋات-قان توي، هاي - هاي ئۆلەن ئېيتىپ، نىكاھقا كەلگەن يىگىتلەر، تۇرغان بىلەن پاتەمخاننىڭ غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن قىلغان مەسلىھەتى، كۆچۈرۈپ كېلىنگەن غۇنچەمنى جىن قىچقىرىپ، ئوتتىن ئۆتكۈزۈشى، نۇرۇملار-نىڭ پاتەمخاننى باغلاپ قويۇپ، غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشى، شاكىيو ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئالاقزادىلىكى ۋە رەس-ۋاچىلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر كۆرۈنىدۇ. بىر كىچىككى كۆ-رۈنۈشتە شۇنچىلىك نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنىڭ بايان قىلىن-غانلىقىدىن درامىدا سۈژىت توقۇنۇشىنىڭ نەقەدەر زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەگەر بۇ ۋەقەلەر ئېپىك ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنسە، يازغۇچىنىڭ تەبىئەت، ئورۇن، ۋاقىت تەسۋىرلىرى، ئىچكى ھېسسىيات ۋە كۆز قاراشلىرى تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئەسەر بولغان بولاتتى.

ئۆمەر شاكىيونىڭ غۇنچەمنى ئوغلىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىۋاتقان توي داغدۇغىسى بىلەن نۇرۇملارنىڭ غۇنچەم-نى ئېلىپ قېچىشىدىن ئىبارەت زىددىيەپ توقۇنۇشى ئىن-تايىن جىددىيلىككە ئىگە. تاماشىبىنلار بۇ كۆرۈنۈشتىن ئىنتايىن جىددىيلىشىدۇ. تاماشىبىندىكى بۇ جىددىيلىك ئەلۋەتتە ۋەقەلىكنىڭ جىددىيلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەردىكى جىددىيلىك درامىدىكى جىددىيلىككە نىسبە-تەن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئاپتورنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەسۋىرلىرى ۋە بايانلىرى ئارقىلىق مەلۇم دە-رىجىدە سۇسراق كەيپىياتتا بولىدۇ

ئىككىنچى، دىرامىدا سۇژېت توقۇنۇشى بىر ئورۇندا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىپىك ئەسەرلەردە ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئاپتور خالىغان جايدا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. لېكىن دىرامىدا بۇنداق ئەمەس. دىراماتۇرگ ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئىپادىلەشتە ۋاقىت، ئورۇن، شارائىت چەكلىمىسىگە قاتتىق ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا دىراماتۇرگ پۈتۈن سۇژېت توقۇنۇشىنى ئورۇن، شارائىت ۋە ۋاقىتقا قاراپ، بىر قانچە پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈپ، مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك.

يۇقىرىقى 1 – كۆرۈنۈشتە ئۆمەر شاگيو ھويلىسىدىكى (ئورۇن) يازنىڭ كەچ كىرىپ قالغان مەزگىلىدىكى (ۋاقىت) داغدۇغىلىق تويدا (شارائىت) نۇرۇملارنىڭ غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشى — پۈتۈن سۇژېت توقۇنۇشىنىڭ مۇشۇ بىر قىسمى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. 2 – كۆرۈنۈشتە بولسا، ئۆمەر شاگيو ھويلىسىدىكى (ئورۇن)، كەچ كۈزدىكى (ۋاقىت) غۇنچەمنىڭ تۇتۇلۇپ ئۆمەر شاگيو ھويلىسىغا قايتا كەلگەندىكى (شارائىت) پاجىئەلىك تەقدىرى ۋە ئۆلۈمى بايان قىلىنىدۇ.

دېمەك ھەر بىر كۆرۈنۈشتە يەنە بىر ئورۇندا پۈتۈن سۇژېت توقۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى مەركەزلىك ۋە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

2) سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى ئاپتورنىڭ تونۇشتۇرۇشىسىز، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە تىلى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

دىرامىدىكى پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئەسەردىكى

باشقا پېرسوناژلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. ئۇنىڭ باشقا پېرسوناژلار بىلەن قىلىۋاتقان مۇناسىۋەت ـ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ـــ خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: 3 ـ پەردىنىڭ 2 ـ كۆرۈنۈشىدە غۇنچەم، پاتەمخان، سېيىت قاتارلىق ئۈچ پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ياستۇقتىن شەكىللەنگەن مۇناسىۋەت پائالىيىتى بايان قىلىنغان.

غۇنچەم ياستۇقنى سېيىتنىڭ بېشىغا ئاتىدۇ، غۇنچەمنىڭ ھالىغا ئېچىنغان پاتەمخان ئەسلى بۇ ياستۇقنى غۇنچەمگە قويۇپ بېرىش ئۈچۈن مىڭ تەسلىكتە شارۋانىدىن سوراپ ئالغان ۋە غۇنچەمگە قويۇپ بەرگەن، سېيىت غۇنچەمنى شۇ ياستۇق ئۈچۈن ئۇرغاندا پاتەمخان غۇنچەمگە بولۇشىدۇ، غۇنچەمنى قوغدايدۇ، سېيىت رەھىمسىزلىك بىلەن ياستۇقنى تارتىۋېلىپلا قالماي، يەنە ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقان غۇنچەمنى ئۇرۇپ تېپىدۇ.

مۇشۇ بىر ياستۇق ۋەقەسىدىن ئۈچ پېرسوناژنىڭ ئۈچ خىل خاراكتېرى ـ غۇنچەمنىڭ مەيلى قانچىلىك ئېغىر كۈندە قالسىمۇ، زالىملارغا يالۋۇرمايدىغان قەيسەر خاراكتېرى، پاتەمخاننىڭ ئۆزىدەك يوقسۇللارغا قاياش بولۇپ، سېيىتتەك رەھىمسىزلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان خاراكتېرى، سېيىتنىڭ ئادەمگەرچىلىك دېگەننى قىلچە بىلمەيدىغان، رەھىمسىز، زالىم خاراكتېرى گەۋدىلىنىدۇ.

### 3. دىرامىدىكى دىئالوگ، مونولوگ ۋە ياندىما گەپلەر

دىرامىدىكى پېرسوناژ تىلى دىئالوگ (پېرسوناژلار-

نىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گېپى) ۋە مونولوگ (پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان گېپى ياكى مۇراجىئەت) دىن تەركىب تېپىپ، خاراكتېر يارىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. دىراماتىك توقۇنۇشلار پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەقەلىك تەرەققىياتى قاتارلىقلار دىئالوگ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1) درامىدا بىر كۆرۈنۈش ياكى بىر پەردە بىلەن 2 ـ كۆرۈنۈش ياكى پەردە ئارىسىدا قالدۇرۇلغان ۋەقەلەر كۆپىنچە پېرسوناژلار دىئالوگى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، ۋەقە تەرەققىياتى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: 2 ـ كۆرۈنۈشتە 2 ـ يايىنىڭ: «قازاقنىڭ ئاۋۇلىدىن ھېلىقى ئۈچى بىلەن بىللە باغلاپ ئەكەلگەن چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟» دېگەن دىئالوگى ئارقىلىق 3 ـ پەردىنىڭ 1 ـ كۆرۈنۈش ئاخىرىدىكى نۇرۇملارنىڭ غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىش ۋەقەلىكى بىلەن 2 ـ كۆرۈنۈشتىكى غۇنچەمنىڭ تۇتۇلۇپ قايتا ئۆمەر شاكىيونىڭ ھويلىسىغا كەلگەنلىك ۋەقەسى ئۆزئارا باغلىنىدۇ. نەتىجىدە ۋەقە تەرەققىياتىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش كۆرۈلمەيدۇ.

2) درامىدا بەزى ۋەقەلەر سۆزلەنمەسلىكى مۇمكىن. تاشلاپ كەتسىمۇ بولمىدىغان، لېكىن درامىدا بەلگىلىك قىممەتى بولغان ۋەقەلەر پېرسوناژلار دىئالوگى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، دراما سۇژىتىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە روشەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«شاكىيو: ھە، بۇ كېچىدە يەنە نېمە گەپ؟

1 ـ يايى: نۇر ئاغىنىسى تۇرغان، ئامانتايلار بىلەن يامۇلدىن قاچتى.

شاڭيو: قاچتى، مانا قارا! قاچان؟

1 – يايى: بۇگۈن ئىككى كۈن بولىدى. يەتتە – سەككىز ئادەم ئىزلەپ يۈرىمىز.

شاڭيو: شۇنداق چىڭ يامۇلدىن قانداق قاچالايدۇ – ھە؟

1 – يايى: ئۇلارنى يۆلىگە ئۆتكۈزۈپ، سى لىويىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار سەل بوش تۇتقان ئوخشايدۇ.

..........................................................

شاڭيو ئەمدى قانداق قىلدۇق بۇ كاساپەتلەرنى؟!

1 – يايى: بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئوغرىلار بۈگۈن كەچقۇرۇن مۇشۇ مەھەللە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.»

ئۇرۇملارنىڭ زىندانىدىن قېچىش ۋەقەلىكى ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئالاھىدە بىر كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بىراق بۇ ۋەقەنى درامىدا پېرسوناژلار دىئالوگى ئارقىلىق ئەسكەرتىپ ئۆتمىگەندە، سۇژىتقا ۋە ئۇنىڭ چىنلىقىغا چوڭ تەسىر يېتىدۇ. شاڭيو بىلەن يايىلار ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا دىئالوگلار ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۇرۇملارنىڭ يامۇلدىن قاچقانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەھەللە تەرەپكە كەلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، ۋەقە تولۇقلانغان ۋە كېيىنكى سۇژىت تەرەققىياتىغا يول ئېچىلغان.

3) پېرسوناژلار تىلى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن درامىدا پېرسوناژلار تىلى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. دراماتورگ ئۆزى يېزىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ كەسپى، يېشى، دۇنيا قارىشى، بىلىم سەۋىيىسى.

مىجەز خۇلقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۇنى سۆزلىتىپ، خاراكتېرىنى يارىتىدۇ.

«شەرۋان: دۇنيادا ھەر قانچە ئەخمەق بولار سېنىڭچە بولماس، قانچە كۆن ئاچتىن - ئاچ قوتانغا سولىنىپ، كالىلار بىلەن ياتتىڭ، باغلىنىپ، ئىتتەك سۆرەلدىڭ، قارا ياغاچقا ئېسىلدىڭ، ئۆلگۈدەك قامچا يېدىڭ. يەنە نۇرنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەنغۇ؟

غۇنچەم: نۇرۇم مېنىڭ بۇلبۇلۇم، مەن ئۇنىڭ باغرى قان غۇنچىسى. تىلىم سۆزگە كېلىدىكەن، مەن ئۇنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەيمەن.

شەرۋان: تىلىڭ كېسىلمىسۇن يەنە!

غۇنچەم: ئەمدى قورقىدىغان ھېچ يېرى قالمىدى، تىلىمنى كېسىپ تاشلىساڭلار دىلىمدا ياد ئېتىمەن.»

شەرۋان بىلەن غۇنچەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ قىسقا دىئالوگدىن بىز ئىككى خىل خاراكتېرلىك ئىككى ئايالنى كۆرىمىز. شەرۋان ھاياتنىڭ قەدرى - قىممىتىنى پۇل - دۇنيا، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆلچەيدىغان يۇقىرى سىنىپقا مەنسۇپ ھۆكۈمران ئايال. شۇڭلاشقا ئۆزىنىڭ پاك ۋە چىن مۇھەببىتىنى دەپ خىلمۇ خىل ئازابلاردا قىينالغان غۇنچەمنى ئەخمەق دەپ قارايدۇ. شەرۋاننىڭ ئۆزىدە چىن مۇھەببەت چۈشەنچىسى بولمىغانلىقتىن تەبىئىي ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن چىن مۇھەببەت يولىدا جان پىدا قىلىشقان غۇنچەمنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە ھۆكۈمران ئورنى بىلەن غۇنچەمدەك ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىلىرىنى زۇلۇم - زورلۇق بىلەن باش

ئەگدۇرۇشنى ئۇيلايدۇ. دېمەك شەرۋانغا بېرىلگەن دىئالوگ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كەۋدىلەندۇرگەن.

غۇنچەم بولسا ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىگە سادىق قىز، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىقلىق غۇنچەمنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى. غۇنچەمنىڭ دىئالوگلىرى دەل ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ مەيلى قانچىلىك ئازاب كۆرمىسۇن، ئۇ بۇلبۇلىنىڭ — نۇرۇمنىڭ غۇنچىسى! ئۇ سۆزلىيەلىسىلا نۇرۇمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. تىلى كېسىلسە دىلىدا ياد ئېتىدۇ.

درامىدىكى مونولوگ كۆپىنچە پېرسوناژلارنىڭ ۋەقەلىككە بولغان قارىشىنى، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، سەھنىدە كۆرسىتىلگەن، پەردە ياكى كۆرۈنۈش ئارىلىقلىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. مەسىلەن، 3 - پەردە 1 - كۆرۈنۈشتە مەشرەپنىڭ چۆگۈن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوتنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆزلىگەن سۆزى مونولوگ. يازغۇچى بۇ مونولوگ ئارقىلىق بىرى، بىزنى غۇنچەمنى نۇرۇمنىڭ ئېلىپ قاچىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەرلەندۈرىدۇ. يەنە بىرى، مەشرەپتىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ياندىما گەپلەر ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنىڭ سۆز سۆزلىگەندىكى روھىي ھالىتى، كىمگە قارىتىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى، مەلۇم بىر ھەرىكەتنى قانداق ئىشلەش كېرەكلىكى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. مەسىلەن، پاتەمخان (بوش ئاۋاز بىلەن) ھە تۇرغان، ئىشلار قانداق؟

تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ياندىما سۆزدۇر. بۇ يەردە پاتەمخاننىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس كېيىنكى جۈملىنى دېيىشتە، ئېھتىيات قىلىپ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىشى زۆرۈرلۈكى كۆرسىتىلىپ، پاتەمخاننىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت ھالىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى يارىتىپ چىقىدۇ. 3 - پەردىنىڭ 2 - كۆرۈنۈشىدىكى ئاساسىي ئىجابىي قەھرىمانلار غۇنچەم، نۇرۇم، پاتەمخان ۋە مەشرەپلەردىن ئىبارەت بولسا، سەلبىي قەھرىمانلار ئۆمەر شاڭيو، شەرۋان ۋە سېيىتلاردىن ئىبارەت. ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، سەلبىي قەھرىمانلارنىڭمۇ خاراكتېرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

غۇنچەمنىڭ خاراكتېرى زۇلۇم ۋە زورلۇققا باش ئەگمەيدىغان، ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولغان ئالاھىدىلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن غۇنچەمنىڭ خاراكتېرى ئۆز بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرنى ئانىسىنىڭ بالدۇر توي قىلىۋەتمىگەنلىكىدەك تەلەيسىزلىكتىن دەپ قارايدىغان سادىقلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كونا جەمئىيەتتىكى ئاددىي، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل بىر دېھقان قىزىغا خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەگەر ئاپتور غۇنچەم خاراكتېرىنى زۇلۇمنىڭ سىنىپىي يىلتىزىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان قىلىپ گەۋدىلەندۈرگەن بولسا رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمىگەن بولاتتى.

نۇرۇمنىڭ خاراكتېرى، ئاق كۆڭۈللۈكى، پىكرىنىڭ

ئوچۇقلۇقى، سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ئاسارىتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇغانلىقى، تىز پۈكمەس قەيسەرلىكى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش، كۈرەش قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى سىنىپىي زۇلۇمنى ئۆلگۈچە تارتىپ، پومېشچىكلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان دېھقان ياشلىرىنىڭ تىپىك خاراكتېرىدۇر.

پاتەمخاننىڭ خاراكتېرى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قاتتىق ئۇچراپ، ئۆمەر شاگىيۇدەك زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ قىلىۋاتقان زورلۇقلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان يوقسۇللارنىڭ غەمخور ـ قاياشى بولغان ئالاھىدىلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆزىدەك ئېزىلگەنلەرگە غەمخورلۇق قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

ئانىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشىنىڭ تەسىرىدە ئاق ـ قارىنى تونۇپ ئويغىنىپ، ئۆزىدەك كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلىشتىن ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا پېتىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىك مەشرەپنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۆمەر شاگىيو، شەرۋان، سېيىتلارنىڭ گەرچە سىنىپىي ماھىيىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۆمەر شاگىيو مۇتىھەم، زومىگەر، ئەشەددي زالىم، ئۇ ئەمگەكچىلەرنى ئېزىشتە ھىيلە بىلەن زورلۇققا، زورلۇقنى ئاساس قىلغان ھەيۋىگە تايىنىدىغان جاللات. شەرۋان بولسا، مەككار، تەكەببۇر، مەمەدانە، كۆنچى زالىم، بۇزۇق ئايال. سېيىت ئەركە، يىغلاڭغۇ، ھۇر-

رەك، دۆت، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۇخۇم، توخۇ، كەكلىك سوقۇشتۇرۇپ يۈرىدىغان، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ بىر يۈرۈش زالىملىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان خاراكتېرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«غۇنچەم» دراممىسىنىڭ 3 - پەردىسى ئاخىرقى پەردە بولۇپ، بۇ پەردىدە زىددىيەت توقۇنۇشى زىچ، جىددىي، تىپىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر بىر پېرسوناژ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە تىل ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان شۇنداقلا بۇ پەردىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ ھەممە گۈزەللىك ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى نامايان قىلىنغان بولۇپ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، بۇ باھا ئەلۋەتتە، 3 - پەردىگىلا ئەمەس، پۈتۈن «غۇنچەم» دراممىسىغىمۇ مەنسۇپ.

# «پالۋان كەلدى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

يازغۇچى تېيىپجان ھادى 1925 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. غۇلجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۈرۈمچىدە سىفەن مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن غۇلجىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

تېيىپجان ھادىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1942 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە گېزىت - ژۇرناللاردا ھېكايىلىرى، تارىخقا ئائىت ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يازغۇچى قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، سادىر پالۋان ھەققىدە بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى، يەنە «چورۇق ھېكىم»، «ئاق ئۆستىڭىم ئاق»، «باتۇر كەلدى» قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايىلىرى بىلەن بىللە ئىلى تارىخىغا ئائىت بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئەسىرى «ئىلى تارىخىدىن ئىزلار» نى يېزىۋاتقاندا يەنى 1989 - يىلى 3 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى.

يازغۇچىنىڭ «پالۋان كەلدى» ھېكايىسى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

«پالۋان كەلدى» ھېكايىسىدە سادىر پالۋاننىڭ ئۆزى قوزغان ئىنقىلابىي بازىدىن غۇلجا شەھىرىگە بىر قېتىم كېلىپ، دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىپ تاشلاپ، ئايالى ۋە باللىرىنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى تېما قىلىنغان. يازغۇچى بۇ تېما ئارقىلىق ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان سادىر پالۋاننىڭ تەڭداشسىز قەھ-رىمانلىقىنى ۋە ئاجايىپ ئۇستا قوشاقچى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتتى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

## 3. ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

سادىر پالۋاننىڭ ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئەسىرلىك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدىكى فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتات-سىيە قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ تۆت خودىن سەككىز خوغا، ئون-ئالتە خوغا ۋە ئاخىرى ئوتتۇز ئىككى خوغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا چىدىغۇسىز كۈلپەتلىك زۇلۇم سالدى. بۇ خىل دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئالۋان - ياساق دېھقانلارنىڭ زالىم مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈچلۈك سىنىپىي ئۆچمەن-

لىكىنى قوزغاپ، شىددەتلىك قوزغىلاڭلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

سادىر پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق شارائىتتا كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى. «پالۋان كەلدى» ھېكايىسى مانا شۇنداق تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى دېھقانلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى سادىر پالۋاننىڭ جان پىدالىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىپ، خەلقنى يېتەكلەپ، زالىم شەنگەن، مىللىي مۇناپىق ھېكىمبەگلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 4. سادىر ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئۇسۇلى

ھېكايىدە سادىر ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى ئەتراپلىق، مۇكەممەل تەسۋىرلەنمىگەن، ئاپتور پەقەت سادىرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ، تاغلاردا ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللەپ، ئىلى جياڭجۈنى ۋەكىللىكىدىكى فېئودالىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ئىچىدىكى بىر قېتىملىق پائالىيىتىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دۈشمەنلەرنى مەنسىتمەيدىغان، پەم - پاراسەتلىك قەھرىمان، خەلق قوشاقچىسى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاپتور ھېكايە ۋەقەلىكىنى يامۇلنىڭ سادىرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان ئېلانىدىن باشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە سادىرنىڭ شەنگەن دارىن، مەزەمزات ھېكىم قاتارلىق فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن «بۇزاقى» دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن سادىر كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئادالەتپەرۋەر يۇقىرى قاتلام زاتلىرى تەرىپىدىن قوللاشقا ئىگە بولغانلىقىدەك ئىككى خىل پوزىتسىيىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سادىر باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەپ، سادىر پالۋان ئوبرازىنى ۋاستىلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

غۇلجا شەنگەنى نۇرغۇن ئەسكەر چىقىرىپ، خائىنلارنى ئىشقا سېلىپ، سادىرنى تۇتۇپ كېلىپ جازالاش مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇناھسىز خوتۇن-باللىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، خەلق ئالدىدا چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ھوسۇلنى يىغىشقا بويۇنتاۋلىق، سادىرنىڭ ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىغا «ئىبرەت» قىلماقچى بولىدۇ. بىراق خەلق غېمىنى يەيدىغان سادىر ئادالەتپەرۋەر يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولغاچقا، ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە نەق سوراق ئۈستىگە بېسىپ كىرىپ، خوتۇن-باللىرىنى ساق-سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئاپتور سادىر پالۋاننىڭ پۈتۈن كۈرەش جەريانىدىكى ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقىدىكىدەك قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدىكى پەۋقۇلئاددە جاسارىتىنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆز تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان، «ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان» خەلق قەھرىمانىنىڭ ئەقىللىك، پەم - پاراسەتلىك، قورقۇمسىز، قوشاقچىلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك

گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سادىرنىڭ ئۆز بالا - چاقىسىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بىر قېتىملىق پائالىيىتىدىن ئۇنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكىنى — بىرى، ئۇ دۈشمەننى مەنسىتمەيدىغان باتۇر ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، ھازىر جاۋاب خەلق قوشاقچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە بالىلىرى دۈشمەن ئىچىدە جازا مەيدانىدا تۇرغان خەتەرلىك ئەھۋالدا توقۇغان قوشىقى ئۇنىڭ ماھارەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك خەلق قوشاقچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سادىر يارۇ دوست، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا شۇنچىلىك ئاددىي، خۇش چاقچاق، قىزىق گەپلەر بىلەن ھەمراھلىرىنى كۈلدۈرۈپ ئىلھاملاندۇرىدىغان قوشاقچى، مېھرىبان دېھقان، شۇنداقلا ۋاپادار ئەر، بالىلىرىغا نىسبەتەن مېھرىبان ئاتا. سادىرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ھېكايىدە تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. شەنگەن دارېن، ھېكىمبەگ ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماق، چېرىكلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ ئۆلۈم دەھشىتى سالىدىغان تەڭداشسىز قەھرىمان. ھېكايىدە سوراقچى دارېننىڭ «سادىرنىڭ ئۆزى كەلدىغۇ...» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، قاتتىق ۋارقىراپ كەتكەنلىكى، چېرىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ، تېۋىلغا چوقماق ئاستىدا دومىلاپ يەر قۇچاقلىغانلىقى دەل يۇقىرىقى پىكىرىمىزنىڭ ئىسپاتى.

### 5. ھېكايىنىڭ كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى

كومپازىتسىيە ھېكايە سۇژېتىنىڭ بۆلەكلىرىنى ئورۇن-

لاشتۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئاپتورنىڭ مەركىزىي ئى-
دىيىنى گەۋدىلەندۇرۇش، جانلىق ئوبراز يارىتىشتىكى بە-
دىئىي ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. «پالۋان كەلدى» ھېكايىسى
كومپازىتسىيىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن
كىتابخاننى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ.

ئاپتور ئالدى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى غۇلجا ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ تۇرمۇشى، دىنىي پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئار-
قىلىق ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى باشلىنىشتىن بۇرۇنقى مۇئەي-
يەن ئىجتىمائىي شارائىتىنى تونۇشتۇرغان، بۇ تەسۋىرلەر
ھېكايىنىڭ ئېكسپازىتسىيىسى. جۈمەدىن يانغانلار كۆڭۈللەرگە
ئەنسىزچىلىك سالىدىغان جاكارچىنىڭ خەۋىرىنى
ئاڭلايدۇ. «كېلەر جۈمە كۈنى سادىرنىڭ خوتۇنى شەرۋانخان
باللىرى بىلەن تېرەكلىكتە چانىلىدۇ...» مانا بۇ ھېكايى-
نىڭ تۈگۈنىدۇر.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھېكايە ۋەقەلىكى پەيدىنپەي
راۋاجلىنىپ، سادىرنىڭ قوزغىلىپ چىقىپ، ئىسيان كۆتۈر-
گەنلىكى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئابدۇرۇسۇل بەگدەك بىر قى-
سىم يۇقىرى قاتلام زاتلار بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
ھېسداشلىقى، شەنگەن دارېن، ھېكىمبەگلەرنىڭ سادىرنى
تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان زوراۋانلىقلىرى بايان قىلىنىدۇ. سا-
دىرنى تۇتالمىغان شەنگەن يامول «ئېشەكتە كۈچۈك يەت-
مىسە ئۈر توقۇمنى» قىلىپ، سادىرنىڭ خوتۇن - باللىرى-
نى تۇتۇپ كېلىپ، جازالىماقچى بولىدۇ. سادىر بۇ ئىشتىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەمراھلىرى بىلەن سوراق ئۆس-
تىگە باستۇرۇپ كىرىپ، دارېننى ئالاقزادىلىكتە سېلىپ،
چېرىكلىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، خەلقنى خۇشاللىققا چۆمدۈ-

رۇپ، خوتۇنىنى ۋە بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرىدۇ. سادىرنىڭ دەل ئاشۇ كەسكىن شارائىتتا توقۇغان بىر كۇپلېت قوشقى دۈشمەننىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان، سادىرنىڭ قەھرىمانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يۇقىرى پەللە بولۇپ، سۇژېتنىڭ كولمىناتسىيىسىدۇر.

ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى تاغ مەنزىرىسى، سادىرنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىشى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سادىرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ شادلىنىشى ھېكايە سۇژېتىنىڭ يېشىمىدۇر.

# «سەپداش» ھېكايىسى توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

مۇھەممەت باغراش 1952 - يىلى قارا شەھەر ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس، شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ تۆتىنچى شىركىتىدە شوپۇر، تەشۋىقات بۆلۈم كادىرى، «شىنجاڭ ئىشچىلىرى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. باغراش يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسى، ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ئوسمان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

«سەپداش» يازغۇچىنىڭ تۇنجى ھېكايىسى بولۇپ، 1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ياش يازغۇچى مەھەممەت باغراشنىڭ «سەپداش» ھېكايىسىدە يېڭى شوپۇر ماخمۇت سەپدىشى سابىرنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئورۇپ قويغان بولسىمۇ، كېيىن سابىرنىڭ توغرا نىيەتلىك تەلەپچان ھە-

قىقمى دوست ۋە سەپداش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى تېما قىلىنغان. ئاپتور بۇ تېما ئارقىلىق قاتناش سېپىدە ئىشلەۋاتقان شوپۇرلارنىڭ جاپالىق كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ئىدىيە ۋە تېخنىكىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى مۇھىم پېرسوناژلار

### ماخمۇت ئوبرازى

ماخمۇت سانائەت - قاتناش سېپىگە يېڭى كىرگەن غەيرەتلىك ياش، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ماشىنىنى ياخشى ھەيدەپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاشقا ئىرادە باغلايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا باشقىلاردىن قېلىپ قېلىشنى نومۇس كۆرىدىغان كۈچلۈك غۇرۇر بار، ئۇنىڭ مەنمەنچىلىكى كۈچلۈك، مىجەزى ئىتتىك، مەسىلىلەرنى ئانچە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلالمايدىغان ئالدىراقسانلىقىمۇ بار. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئۆز كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىلىشنى ئۆزىنى تۆۋەن چۈشۈرگەنلىك دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماشىنىنى باشقىلاردىن تېزرەك ھەيدەپ شەرەپ قازىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىدىيىسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا يۈك ئۈستىگە ئادەم ئولتۇرغۇزغاندا سابىرنىڭ تەنقىد قىلغانلىقىنى «ئىچى تارلىق قىلغاچقا كۆچمە بايراقتىن ئايرىلىپ قالدىم» دەپ خاتا چۈشىنىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىم ماشىنىنى ئېگىز داۋاندىن 4 - خوتتا ھەيدەپ چۈشۈشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سابىر ئوت-

تۇرغا قويغاندا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىقرار بولماي، ئۇنىڭ
بىلەن تاكاللىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا سابىر بىلەن قىلـ
غان مۇنازىرىلىرىدىن ئۇنىڭ مەنمەنچىلىكى كۈچلۈك، نامـ
شۆھرەت قازىنىشقا ئامراق، باشقىلارنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى
قوبۇل قىلىشنى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئىقرار قىلىشنى
خالىمايدىغان ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئۇ بۇ مۇنازىرە جەرياندا سابىرنىڭ توغرا كۆڭلىنى خاتا
چۈشىنىپ ياكى قەستەن بۇرمىلاپ، «كۆرەلمەيۋاتىسەن»
دەپ قاتتىق دوق قىلىپ، سابىرنى قورقۇنچاق، كۆرەلمەس
دەپ كەمسىتىدۇ، نەتىجىدە سابىر ئۆز مەقسىتىنى تولۇق
چۈشەندۈرەلمەي، «مەمەدان، ھاكاۋۇر» دەپ قويۇش بىلەنـ
لا ماخمۇت غەزەپلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ كېتىدۇ. دۈيـ
جاڭ ئاجرىتىپ قويغاندىن كېيىنمۇ سابىرغا بولغان ئۆچـ
مەنلىكىنى تاشلىماستىن «سابىر، قاراپ تۇر، تېخى ھېسابـ
لىشىمەن...» دەپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار
قىلغۇسى كەلمەيدۇ. دەرۋەقە يول ئىنتايىن خەتەرلىك،
داۋانلار ئېگىز بولۇپ، ماشىنا كالوننىسى بىر ـ بىرىدىن
ئايرىلىپ قالماي، شوپۇرلار ئۆزئارا نازارەت، ياردەم قىـ
لىشىپ ماڭغاندىلا بۇ يوللاردىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ
كېتىشكە بولاتتى. ماشىنا ئېگىزلىگەنسېرى ماشىنىنىڭمۇ،
شوپۇرلارنىڭمۇ ھاۋانىڭ شالاڭلىقىدىن نورمال
ھەرىكىتىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ماخمۇتـ
نىڭ نەپسى قىسىلىپ، ماشىنىنىڭ ماتورىدىنمۇ چاتاق چىـ
قىشقا باشلايدۇ. ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ، چاتاقنى ئۆزى
ئوڭشاپ ماڭماقچى بولۇپ، باشقا ماشىنىلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىـ
دۇ. ئاخىردا سابىرنىڭ «سوراق» سىگنالىغىمۇ ئالىيىپ قاـ

راپ، جاۋابسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. تاغنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋا-
سى قارا - بوراننى ئېلىپ كېلىدۇ. ماخمۇت ماشىنىنى
ياخشى تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا ھەيدەپ ئېگىز دا-
ۋاندىن چۈشمەكچى بولىدۇ. بىراق ماتور ئىشلىمەيدۇ.
ماينى قانچە بەرگەن بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ماخمۇت
ماشىنا بىلەن ئېتىشىپ يۈرۈپ، ھاۋا يېتىشمەي قىينىلىپ،
مەنمەنلىك بىلەن سەپەردىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق
پۇشايمان قىلىدۇ. ئاخىر ھېچقانداق ئامال قىلالماي، ئاس-
تا - ئاستا ئۇيقۇ بېسىپ، ھوشىنى يوقىتىپ ئۆلۈم خەۋپى
ئاستىدا قالغاندا، سابىر قايتىپ كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋا-
لىدۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە كۆزلۈپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل،
سەممىي، تەلەپچان سەپەردىشى سابىرنى كۆرىدۇ. سابىر
ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ چاتاقلىرىنى ئوڭشاپ، ئۆزىگە كىملا-
روت بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىدۇ. ماخمۇت مانا شۇنداق ھالقىلىق
پەيتلەردە سابىرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ
خاتالىقلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ، قاتتىق خىجالەتچىلىك ھېس
قىلىدۇ. سابىرنى قۇچاقلاش ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇ ئەنە
شۇنداق چىن ۋاپادار سەپداشلىرى بولغانلىقىدىن ئۆلۈمدىن
قۇتۇلغانلىقىنى، سەپداشلار پولاتتەك ئۇيۇشقان كوللېكتىپ
قوينىدا بىر - بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەندىلا كۈچ-
قۇدرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قايىل بولىدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە ماخمۇتنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى
بۇ خىل ئۆزگىرىشنى، سەپداشلىرىنىڭ ياردىمىدىن ئايرى-
لىپ قالغان بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتى قانچىلىك چوڭ بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقى-
نى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە ئىناق يار - يۆلەكتە

بولىدىغان كوللېكتىپنىڭ چەكسىز كۈچ، خۇشاللىق ۋە غەلىبە ئىلكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سابىر ئوبرازى

سابىر ئوبرازى ھېكايىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئوبراز بولۇشىغا قارىماستىن، ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان، «سەپداش» لىقنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرگەن ئوبراز. سابىر ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن، بەش - ئالتە يىللىق ستاژغا ئىگە شوپۇر، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، يول يۈرگەندە ھەرگىز قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭمۇ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ قائىدە - تۈزۈملەرگە بولغان ئېتىقادى بەك مۇستەھكەم، ئۇ بۇ جەھەتتە ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا ماخمۇتنىڭ يۈك ئۈستىگە ئادەم سالغىنىنى سەزگەندە دەررۇ تەشكىلاتقا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ماشىنىنى ئېگىز داۋاندىن 4 - خوتقا سېلىپ، قارىملىق بىلەن ھەيدەپ چۈشكەنلىكىنى يۈزمۇيۈز تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى، شەخسىي قەھرىمانلىقىنى، كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. سابىردا يەنە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، كۆيۈنۈشنى مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب ئىدىيە چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەرگىز باشقىلارغا يولسىزلىق قىلمىغىنىدەك باشقىلارنىڭ يولسىزلىق قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭمۇ مەنپەئىتى ۋە ھاياتىغا دەخلى - تەرۈز يەتكۈ-

زۇشىگە سۇكۇت قىلىپ قاراپ تۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ماخـ
مۇتنىڭ ئۆزۈمچىلىك خاراكتېرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ بىر چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ھەمىشە
دىققەت بىلەن كۆزىتىپ بارىدۇ. سابىردا مۇشۇنداق كومـ
مۇنىستىك روھ، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يولداشلارغا سەمىـ
مىي كۆيۈنۈشتەك پەزىلەت بولغاچقا ھەل قىلغۇچ پەيتتە
دەرھال چارە قوللىنىپ، ماخمۇتنى ئىزلەپ چىقىپ، ئۇنى
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە يېڭى دەۋرىمىزدە ئۆسۈپ
يېتىلىۋاتقان ئىلغار ياشلارنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى ئەنە
شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بەرگەن. شۇڭلاشـ
قا سابىر ئوبرازى ھېكايىدە 2 - ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسـ
ۋىرلەنگىنىگە قارىماستىن، ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسـ
نى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن. سابىر كەمچىلىكى
ۋە خاتالىقى بار ياشلارنى ئۆزىنىڭ سەممىي، ئۈلگىلىك
ھەرىكەتلىرى بىلەن قايىل قىلىپ، ئۆزگەرتىشتە يېتەكچى
ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئالىيجاناب ئىدىيىۋى ئىستىلغا ئىگە
يېڭى كىشىلەرنىڭ جانلىق ۋەكىلىدۇر.

### 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايە كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە ناـ
ھايىتى پۇختا ۋە قىزىقارلىق بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن
يولۋاسلاردەك ئېلىشىۋاتقان ئىككى ياشنىڭ مۇشتلىشىدىن
باشلىنىدۇ. شۇڭا كىتابخان: «ئۇلار نېمە ئۈچۈن سوقۇـ
شىدۇ؟» دەپ ئويلاپ، ھېكايىنى ئوقۇشقا قىزىقىدۇ.

2) ھېكايە 1 ـ شەخس تىلىدىن بېرىلگەن، ۋەقەلىكى داۋاندىن چۈشۈش ۋە داۋانغا چىقىشتىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق يول يۈرۈشتىن ئىبارەت ئاددىي ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى ئىككى ياشنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل پوزىتسىيىسىنى جانلىق سېلىشتۇرما قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرىنى تولۇق يورۇتۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە «مەن» نىڭ مەمەدان، شۆھرەتپەرەس خاراكتېرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلمايدىغان بۇ ئاجىزلىقى ئىنچام ۋەقەلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. ھېكايىدە «مەن» بايان قىلغۇچى بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ تونۇش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى، ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر پسىخىك مۇلاھىزە ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئېچىپ بەرگەن. ئۆز كەمچىلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئىقرار قىلماسلىقى، ھەتتا ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارشى تەرەپنى كەمسىتكەنلىكى، قىزىل بايراقنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئەڭ خەتەرلىك مىنۇتلاردا ئۆزىدىكى بىخەستەلىككە پۇشايمان قىلىشى، سابىر دەل ۋاقتىدا كېلىپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقى قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشى ۋە تەسىراتلىرى ماخمۇتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ تونۇش ۋە ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلىرى خاراكتېرىگە ماس ھالدا ناھايىتى تەبىئىي بېرىلگەن.

3) ھېكايىنىڭ تىلى جانلىق، كۆركەم، ئوبرازلىق بولۇپ، ئاپتورنىڭ ھەر بىر پېرسوناژنى ئۆز خاراكتېرىگە ماس تىل بىلەن سۆزلىتىشى، دىئالوگلاردىكى مۇنازىرە كۈچى، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ ۋەقەگە ماسلاشتۇرۇلۇپ

مۇۋاپىق تىللار بىلەن تەسۋىرلىنىشى، ئىچكى ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قويۇق، ئىنچىكە ئىپادىلىنىشى كىتابخانىنى ۋەقەلىكنىڭ نەق ئۈستىدە بولغاندەك سېزىمگە كەلتۈرىدۇ.

يازغۇچى مەھەممەت باغراش خاراكتېر ئالاھىدىلىكى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئوبراز، قويۇق تۇرمۇش چىنلىقى ئارقىلىق كىشىنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان سۈژىتقا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە «سەپداش» ھېكايىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

# «بەخت تىلەش» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

لۇشۈن «بەخت تىلەش» ھېكايىسىنى 1924 - يىلى 2 - ئايدا يازغان.

ماۋجۇشى 1927 - يىلى يازغان «خۇنەن دېھقانلىرى ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى تەھلىل قىلىپ كېلىپ، «سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتى پۈتۈن فېئودال ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، جۇڭگو خەلقىنى، خۇسۇسەن دېھقانلارنى چىرمىۋالغان ئىنتايىن يوغان چوڭ تۆت ئارغامچا ئىدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ پاجىئەلىك بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيەت، ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىغا ئۇچراش بىللە، يەنە ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىغىمۇ ئۇچرايتتى.

لۇشۈن ھېكايىنى يازغان ۋاقىتتا فېئوداللىزمغا قارشى كۈچلۈك كۈرەشچانلىق روھقا ئىگە ئىنقىلابىي دېموكرات ئىدى. لۇشۈن «بەخت تىلەش»تە يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگونىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

بۇ ھېكايىدە شياڭ لىن ئىسىملىك كەمبەغەل ئايالنىڭ كەينى - كەينىدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ، فېئودال ئۇرۇق-داشلىق ئىدىيىسى ۋە قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ يەكلىشى بىلەن سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا باشپاناھسىز قېلىپ ئۆ-لۈپ كەتكەنلىكى تېما قىلىنغان بولۇپ، فېئوداللىق جەمئىيەت شياڭ لىنغا ئوخشاش مىليونلىغان گۇناھسىز ئەمگەكچىلەر ئادەمنىڭ قاتىلى، دېگەن ئىدىيىنى كۆچلۈك يورۇتۇپ بەرگەن.

ھېكايىدە لۇشۈننىڭ ئەمگەكچىلەرگە بولغان چوڭقۇر خەيرخاھلىقى، فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆزۈل - كېسىل قارشى تۇرۇش روھى گەۋدىلەنگەن.

## 3. ھېكايىدىكى ئاساسىي پېرسوناژلار

شياڭ لىن ئوبرازى

ئاپتور شياڭ لىننىڭ بىرىنچى قېتىم لوسى بەگ ئائىلىسىگە كەلگەندىكى ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ھالدا ئۈچ تەرەپتىن تەسۋىرلەيدۇ.

1) ئۇنىڭ قىياپەت تەسۋىرى، «يېشى يىگىرمە ئالتە، يىگىرمە يەتتىلەردە، رەڭگى سېرىقراق، لېكىن ئىككى مەڭزى قىزىل بىر ئايال ئىدى». «ئۇنىڭ ئەركىشىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك كۈچى بار ئىدى». دېمەك، ئۇ ئەسلىدە ساغلام، قاۋۇل ياش چوكان ئىدى.

2) ئۇنىڭ ئەمگەكچانلىق - ئىشچانلىق خاراكتېرىنىڭ تەسۋىرى، «خۇددى بىكار بولۇپ قالسا ئىچى پۇشىدىغاندەك، ئەتىدىن - كەچكىچە تىنماي ئىشلىدى»، «تاماق تاللىمايتتى، كۈچىنىمۇ ئايىمايتتى»، «يىل ئاخىرلىرىدا ئۆي قېقىش، كىر يۇيۇش، توخۇ - ئۆردەك بوغۇزلاپ، ياغ پۇرىتىش، كېچىلەپ مەزە تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇنلايتتى. ياردەمچى تەلەپ قىلمايتتى».

3) خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى. شىياڭ لىن كەم گەپ، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان، مۇلايىم، ياۋاش ئايال. «ئۇ كەم سۆز ئىدى، بىراۋ گەپ سورىغاندىلا گەپ قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئاز سۆزلەيتتى.»

لېكىن بۇ ياۋاش، مۇلايىم ئايالنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بىر خۇسۇسىيەت جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىقلىقى بىلەن زۇلۇم ۋە خارلاشقا قارشىلىق كۆرسىتىش روھى ئىدى. ئۇنىڭ قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كېلىشى، قېيىن ئانىسى ئۇنى تۇيدۇرماي تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتتىكى قارشىلىق ھەرىكىتى، ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولغان ۋاقىتتا «شام يېقىپ قويغان جوزىنىڭ بۇرجىكىگە بېشىنى بىرلا ئۇرۇپ» ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغانلىقى قاتارلىق ھەرىكەتلەر دەل شۇ روھنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىككىنچى قېتىم لوسى بەگنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەندىن كېيىنكى شىياڭ لىننىڭ ئەھۋالى يەنە ئىككى تەرەپتىن تەسۋىرلىنىدۇ.

بىرى، قىياپەت تەسۋىرى. ئۇ ئەمدى ئاۋۋالقى شىياڭ لىنغا ئوخشىمايتتى. «چىرايى سېرىقراق ئىدى، پەقەت ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقاپ كېتىپتۇ».

«كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس»، «چىرايى مۇردىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان» بولۇپ قالغان.

يەنە بىرى، ئىككىنچى ئېرى ۋە ئوغلىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، بۇ ئۆلۈم ئۇنى قاتتىق روھىي ئازابقا سالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بۇرۇنقى كەم سۆزلۈكى ئورنىغا ئېلىشىپ قالغاندەك، ئاشۇ بىر ھېكايىنى تەكرار - تەكرار سۆزلەۋېرىدىغان، «ئىلگىرىكى چاققانلىقى تۈگەپ» كەتكەن، ئىلگىرىكى «ھوشيارلىقىمۇ قالمىغان» سەۋدايى ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بارا - بارا ئادەملەرنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسى ۋە پېشانىسىدىكى تاتۇق كىشىلەرنىڭ مەسخىرە نىشانىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كەلگەندىن كېيىن «ناپاك» ئايال دەپ قارىلىپ، نەزىر - چىراغ ۋاقىتلىرىدا ئىشقا قول تىققۇزمايدۇ. قول تىقسا«نەزىرگە تەييارلىغان نەرسىلەرنى» ئەرۋاھلار يېمەي قويىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ شياڭ لىنغا نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ زەربە بولۇپ تېگىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سەۋدايىلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بولۇپمۇ لىۋ مانىڭ «ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئىككى ئېرىڭنىڭ روھى سېنى تالاشسا قانداق قىلىسەن؟ جەبرائىل سېنى ھەرە بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بولىدۇ. ئۇ ئەمدى «ئەتىدىن - كەچكىچە لام - جىم دەپ ئاغزىنى ئاچالمايتتى. كوچىلاردا يۈرەتتى، ئۆي سۈپۈرەتتى، ئوتياش، گۈرۈچ تازىلايتتى». ئۇنىڭدا ئۇ دۇنيانىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇش ئازابىغا چۈشۈپ، بۇتخانىغا بېرىپ بوسۇغا سەدىقىسى قىلىپ، گۇناھىدىن ساقىت بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىلا

قالىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن بۇتخانىغا
بېرىپ 12 تەڭگىلىك بوسۇغا سەدىقىسى تەقدىم قىلىپ
كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ «ناھايىتى خۇشال ئىدى». بۇرۇنقى
نۇرسىز كۆزلىرى «نۇرلىنىپ تۇراتتى». ئۇنىڭ بۇرۇنقى
ئەمگەكچانلىقىمۇ قايتقاندەك كۆرۈنەتتى. «نەزىر - چىراغ
قىلىش ۋاقتىدا ئۇ ناھايىتى غەيرەت بىلەن ئىشلىدى».
لېكىن سى شىنىنىڭ «شياڭ لىن ھەدە، سەن تۇتما» دېگەن
بىر جۈملە سۆزى ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بولدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ «يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتى، قاراڭغۇدىن،
سايىدىن قورقىدىغان»، كىشىلەرنى كۆرسە، ھەتتا ئۆز
خوجايىنلىرىنى كۆرسىمۇ، خۇددى كۈندۈزى ئۇۋىسىدىن
تېنەپ چىقىپ قالغان چاشقاندەك ھودۇقۇپ قالىدىغان
بولۇپ قالدى. «ئولتۇرغان يېرىدە خۇددى ياغاچتەك قې-
تىپ قالىدىغان بولدى». ئاخىرى يېرىم يىلغا قالماي
«چاچلىرى ئاقىرىپ، مېڭىسى بۇزۇلدى».

ھېكايە بېشىدا بېرىلگەن «مەن» بىلەن ئۇچراشقاندى-
كى شياڭ لىننىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىن شياڭلىننىڭ ئېچىنىش-
لىق تەقدىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ بىرىنچى قېتىم
لوسى بەگ ئۆيىگە كەلگەندە يىگىرمە ئالتە - يىگىرمە يەتتە
ياشلاردا ئىدى. لېكىن نەچچە يىلدىن كېيىن «ياغاچقا
ئويۇپ قويغان ئادەمگە» ئايلىنىپ كېتىدۇ. «مەن» بىلەن
ئۇچراشقاندىكى قىياپەت تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «ئۇ
قىرىق ياشلاردىكى ئاياللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ
ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يۈزى
زەپىرەڭدەك سېرىق، رەڭگىدىكى ئىلگىرىدىكى قايغۇ ئالامەت-
لىرى يوقىلىپ، خۇددى ياغاچقا ئويۇپ قويغان ئادەمگە

ئوخشاپلا قاپتۇ. پەقەت كۆز قارىچۇقىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشىلا بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا بىر پۇچۇق تاۋاق سېلىنغان سېۋەت كۆتۈرگەن، بىر قولىدا ئۆز بويىدىن ئۇزۇن، تۆۋەنكى ئۇچى يېرىلغان بامبۇك تايىقىنى تۇتقانىدى. ئۇنىڭ قەلەندەر بولۇپ قالغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.» بۇنىڭدىن فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈم ئەرلەردىن كۈچلۈك، ئىشچان، مۇلايىم - ياۋاش، شۇنداقلا قەيسەر بىر ئايالنى قانداق ھالاكەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئادەم يەيدىغان جىنايىتىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەر ئۇنى ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشىتىپ قويۇپمۇ يەنە ئارام بەرمەيدۇ. ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ بىر يۈرۈش ۋەھىمىسى ئۇنى ئازابلايدۇ. ئاخىر «مەن»دىن روھىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، دوزاخ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىش - ئۇچرىماسلىق قاتارلىقلارنى سورايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ خۇنى قالمىغان كۆزلىرىگە بىردىنلا «نۇر» تولىدۇ. لېكىن خۇنى قالمىغان كۆزلىرىدەك پىلدىرلىغان بۇ ئۈمىد يوققا چىقىپ، ئاخىرى ھايات بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

شياڭ لىننىڭ قاتىلى — فېئوداللىزم، فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى تۆت خىل ھاكىمىيەت ئىدى. ئىككى ئەرگە تېگىش بىلەن «ناپاك» بولۇپ قالغان، ئاخىرەتتە ئېرى تالىشىپ ھەرىدە توغرىلىنىدىغان شياڭ لىن ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇربانى ئەمەسمۇ؟! پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى، ياشلىقىنى فېئوداللىزمنىڭ ۋەكىلى لۇسى بەگ ئائىلىسىگە

بېرىپ، ئاخىرىدا كۆچمەستىن، ئەقلىدىن ئايرىلغاندا ھەيدىۋېتىلگەن شياڭ لىن رېئال ھاكىمىيەتنىڭ قۇربانى ئەمەسمۇ؟! شۇنداق، شياڭ لىننىڭ قاتىلى دەل فېئوداللىق تۈزۈم، فېئودالىق قائىدە ـ تۈزۈملەر!

لوسى بەگ ئوبرازى

لوسى بەگ بارلىق فېئودالىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ جامىل ھىمايىچىسى. ئۇ فېئوداليزم جەمئىيىتىدىكى خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەن، فېئودالىق ئەخلاق ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئوقۇيدىغىنى ۋە شۇغۇللىنىدىغىنى چىن تۇەن پىرىدىنىڭ بىر نېمىلىرى، «قەلب زىكرى قىلىدۇ» ۋە «چاھار كىتاب شەرھى» قاتارلىق فېئودالىق قائىدە ـ تۈزۈم ۋە ئەخلاقنىڭ دەستۇرلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ يېگىلىق تەرەپدارلىرى بولغان جەدىتلەرگە، قانۇن ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتچىسى كاڭ يۇۋېيگە ئۆلگۈدەك قارشى تۇرۇپ، كونا فېئودالىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. لوسى بەگ دەسلەپتىلا شياڭ لىننىڭ ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يامان كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا شياڭ لىننىڭ ئەرلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان كۆچى ھالال، ئۆزى ھارام بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى ئېرى ۋە ئوغلى ئۆلۈپ يەنە كەلگەندە ئۇنى «ناپاك» ئايال دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرزان كۆچمەدىن يەنىلا پايدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «تېتىكلىشىپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن شياڭ لىننى «ناپاك ئايال» دەپ نەزىرىگە ئالماي، تۇمشۇقىدا ئۇ ئاخىرىدا ھەيدىۋېتىشى ـــ دەل شياڭ لىننى ئۆلتۈرگەن قاتىللىق ھەرىكەت. لوسى بەگ ئاخىرى كۆچى ۋە ئەقلىدىن ئايرىلغان بىچارە شياڭ

لىنىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، تەقۋادارلىق قىياپىتى ئىچىگە يوشۇرۇنغان جاللاتلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ فېئوداللىزمنىڭ ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ جاھىل ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى شياڭ لىننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى سۆزى بىلەنمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەرنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ قۇربانى بولغان شياڭ لىننى قارىلايدۇ.

لۇسى بەگ ئوبرازى كەڭ تەسۋىرلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، تەقۋادارلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان رەزىل خاراكتېرىنى ماھىرلىق بىلەن تولۇق ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايە قېلىپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىلغان. ئاپتور ھېكايە باشلىنىش بىلەنلا «بەخت تىلەش» ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىۋاتقان لۇجېڭ كەنتىنىڭ داغدۇغىلىق مەنزىرىسى ئىچىگە شياڭ لىننىڭ ئۆلۈمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن «بەخت تىلەش» نى قاتتىق مەسخىرە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىتابخاننى پارتلاش خاراكتېرلىك زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق ھېكايىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغان. ئارقىدىن ھېكايە بېشىدىن باشلىنىپ، ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا يەنە باشتىكى «بەخت تىلەش» مەنزىرىسىگە قايتقان. ھېكايە قەھرىمانىنىڭ پائالىيىتى «بەخت تىلەش» كە تەييارلىنىش ۋە «بەخت تىلەش»

پائالىيىتى ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇش دەپمۇ، چېكىنىپ بايان قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2) پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىچكى دۇنياسىدىكى روھىي پائالىيەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، شياڭ لىننىڭ سىرتقى قىياپىتى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ كۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچ قېتىم تەسۋىرلەنگەن. شياڭ لىن بىرىنچى قېتىم لۇ ئائىلىسىگە كەلگەندە «رەڭگى سېرىقراق ئىدى. لېكىن ئىككى مەڭزى قىزىل بىر ئايال ئىدى» دەپ تەسۋىرلەنسە، ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە «چىرايى سېرىقراق ئىدى، پەقەت ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقاپ كېتىپتۇ»، «كۆزلىرىنىڭ قىرىدا كۆز يېشىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس ئىدى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۈچىنچى قېتىم قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالغان ۋاقتىدىكى ھالىتى «40 ياشلاردىكى ئاياللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. سارغۇچ يۈزى قارىداپ كېتىپتۇ. رەڭگىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرى يوقىلىپ، خۇددى ياغاچقا ئويۇپ قويغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قاپتۇ، پەقەت كۆز قارىچۇقىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشىلا ئۇنىڭ بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن، بۇ خىل قىياپەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تەسۋىرى، فېئوداللىق قائىدە ـ تۈزۈملەر شياڭ لىننى قانداق ئازابلاپ، قانداق نابۇت قىلىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىنتايىن كونكرېت ۋە جانلىق تەسىر پەيدا قىلغان.

3) ھېكايە ۋەقەلىكى «مەن» نىڭ كۆرگەنلىرى، ئەسلەگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ بايان قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ «مەن» نىڭ ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئۆز كۆز قاراش ۋە تەسىراتلىرىنى قوشۇشقا، شۇنداق قىلىپ ھېكايىنىڭ ھېسسىياتچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتقان. مەسىلەن، «مەن» نىڭ بىر قىسىم مۇلاھىزىلىرى، ھېكايە بېشى ۋە ئاخىرىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ھېكايىنىڭ كىتابخاندا ھېسسىيات ۋە تەسىر ئويغىتىشتا رولى چوڭ، ئۇ كىتابخاننى چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

4) ھېكايە يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك قېلىپلاشتۇرۇش ياكى چېكىنىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنىپ، كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىنتايىن ھەمزىرھەم باغلانغان، ئاپتور باشتىلا كىتابخانغا تەنتەنە ئىچىدە پاجىئەنى، داغدۇغىلىق «بەخت تىلەش» مەنزىرىسى ئىچىدە تراگېدىيىنى — شياڭ لىننىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىپ، ۋەقەلىكنىڭ يېشىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن ۋەقەلىكنى باشلاپ، تراگېدىيىلىك پاجىئەنىڭ جەريانىنى نۇقتىلىق بايان قىلىپ ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىپ، شياڭ لىن دەل ئاشۇ «تەنتەنە» ۋە داغدۇغىلىق «بەخت تىلەش»نىڭ يەنى فېئوداللىق قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئاپتور ئاخىرىدا يەنە ھېكايىنىڭ يېشىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مۇھاكىمىسى ئارقىلىق بۇ «تەنتەنە»، بۇ «داغدۇغىلىق بەخت تىلەش»نى مەسخىرە قىلغان.

5) ھېكايىنىڭ تىلى پىشقان، شۇنداقلا ئىنتايىن ئۆت-

كۆر ھەجۋىلىككە ئىگە تىل بولۇپ، ھېكايىدىكى شىياڭلىن ۋە لۇسى بەگلەرنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان.

ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى يوشۇرۇن، ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر مەسخىرە ئىپادىلەنگەن مۇنۇ پارچىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى:

«ئاسمان - زېمىندىكى مازار - ماشايىقلار چېلىنغان قۇربانلىقلارغا ۋە لەززەتلىك ھىدلارغا مەست بولۇپ، لوجېڭ خەلقىگە چەكسىز بەخت ئىنئام قىلىمىز دەپ پەلەكتە لەلەڭشىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلىدىم.» بۇ بەدىئىي قوشما جۈملىنى ئوقۇغىنىمىزدا پۈتۈن فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ بارلىق قائىدە - تۈزۈملىرى ئۈستىدىن ئاچچىق مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن كۈلۈۋاتقان قەھرىمانىنى كۆرىمىز. شۇ بىر جۈملە تەسۋىر پۈتۈن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ ساختا ماھىيىتىگە قارىتا قىلىنغان ئاچچىق مەسخىرە. چۈنكى ئادەمخور جەمئىيەت شىياڭلىنغا «بەخت» ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم ئىنئام قىلدى. شۇنىڭدەك ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرىنىڭ گىرەلەشتۈرۈلۈشى ھېكايىگە بىر خىل تەنتەنە ۋە داغدۇغا ئىچىدىكى ھەسرەتلىك قايغۇدىن ئىبارەت غەملىك روھىي كەيپىيات بېغىشلاپ، كىتابخانىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئۆتكۈر ئىپادىلەپ بەرگەن.

# شائىر ئەخمەت يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى توغرىسىدا تەھلىل

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ تەرجىمالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ مەزمۇن ۋە تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن چىقارغان نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، شائىر تەخمىنەن XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن.

مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكىلەر ياشىغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىدا ئىقتىساد، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان تارىخىي دەۋر ئىدى.

شائىر ئەخمەت يۈكنەكى مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى دىداكتىك نۇقتىئىنەزەردە ئىپادىلەپ كۆرسەتتى.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-

نىڭ ئېتىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە باي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا ئوخشاش بىر تىپىك ئۈلگە. ئۇ، ئەرەب - پارس تىللىرى ئارىلاش قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن تىل جەھەتتە يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن ھەم پەرق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن پەيدىن پەي «چاغاتاي تىلى» (ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىي تىلى) غا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى تىلىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى ئۈچۈن چاغاتاي تىلىنىڭمۇ دەسلەپكى ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قوش ئالاھىدىلىك ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا ئۆتۈشتىكى تارىخىي شارائىتلارنىڭ تەسىرىنى كونكرېت تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن سىڭىپ كىرگەن قەدىمكى ئەرەب، پارس داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلىرىنى ئۆزلەشتۇرۇش جەھەتتە «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى ئەسەر تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىمۇ بەزى ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا بىر خىل تېمىنىڭ ھەر خىل تارىخى شارائىت ئىچىدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئەتەبەتۇل ھەقايىقنىڭ تىلى «قەدىم-كى ئۇيغۇر تىلى» ۋە «چاغاتاي تىلى» غا قارىغاندا

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» غا نىسبەتەن يېقىنراقتۇر. بۇ ھال بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «چاغاتاي تىلى سۇنئىي تىل. ئۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى...» دېگەن قاراشلىرىنىڭ مەلۇم ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» دىن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشتىكى داۋامىنىڭ ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولغانلىقىنى، خەلقىنىڭ جانلىق تىلى بىلەن «چاغاتاي تىلى» ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە مەلۇم كاۋاك ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنچە ئۇزۇن دەۋرلەردىن كېيىنمۇ ھازىرقى تىلىمىزنىڭ ئۆز ئېتنىك مەنبەسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېتنوگرافىيىسىگە ئىنتىلىش ھالىتىنىڭ تەبىئىي مەۋجۇتلۇقىنى بىلىۋالالايمىز.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ئەسلى تېكىستىدە قوللىنىلغان يېزىق مەسىلىسىگە كەلسەك، داستان قەشقەر تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىپ شاھقا سۇنۇلغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. چۈنكى داستاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈش ئەھۋالى (A نۇسخا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دا يېزىلغانلىقى، B نۇسخا «قەدىمكى ئۇيغۇر» يېزىقى بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىپ كۆچۈرۈلگەنلىكى، C نۇسخا بولسا ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى) بۇ نۇقتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

## داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە شائىرنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» باشتىن - ئاخىر شائىرنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، شائىر بۇ لىرىك داستانى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەقىقەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، خەلقى پەزىلەتلىك، دۆلىتى ئاۋات، بەختلىك جەمئىيەتكە يېتىشتىن ئىبارەت غايىۋى مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، «بىلىم ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇچى» دېگەن تەشەببۇسنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مۇنداق بىر تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بۇ داستاننىڭ دىنىي قاراشلاردىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەسەردە گەرچە ئىدىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلەر خېلى قېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ساددا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلەر، دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا بولغان رېئال دىئالېكتىك قاراشلار، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەر چاقناپ تۇرىدۇ. شۇڭا شائىرنىڭ بۇ لىرىك داستانى ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئادەتتىكى ھەۋەسىنىڭ نەتىجىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق جاھاننى تۈزەش، بەختلىك يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۈرەك قانلىرى بىلەن پەرۋىش

قىلىنغان چىرايلىق گۈلزاردۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادقۇبىلىك» داستانىدا دۆلەتنى مۇستەھكەملەشنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىياسىي ۋە قانۇنىي يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، «ئەتەبە-تۇل ھەقايىق» دا يۈكنەكى دىداكتىك بايان قىلىش ئۇسۇ-لى ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىلىم مەرىپەت، ئەخلاقىي - پەزىلەت ئارقىلىق تۈزەپ، خەلقنى بەختلىك قىلىشنىڭ ھەققانىيەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغان.

داستان مەزمۇن جەھەتتىن بىر قانچە كونكرېت بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىنغان.

شائىر داستاندا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى «شاھ مەدھىيىسى» ۋە «كىتابنىڭ شاھقا ئاتالغانلىقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ بابلاردا غەيرەت - شىجائەتتە، مەردلىك - ئالىيجانابلىقتا چاھار يارلار بىلەن تەڭلەشتۈرگەن، ئادا-لەتلىكتە نۇشىرۋان ئادىلدەك، پاكلىقتا يۇلتۇزلاردەك دانا شاھ ئوبرازىنى يارىتىدۇ؛ دادىل تەسەۋۋۇر، ئوخشىتىش، مۇبالىغىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىززەت ئېكرامىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ ھەم ئالدىنقى مۇناجاتلىرىدا ئېيتىل-لىپ باقمىغان يېڭى پىكىر بېزەكلىرىنى تاقايدۇ.

ئايا تىل نۇرۇت مەدھ ئۆتۈنگىل قانى،
مەن ئارتۇت قىلايىن شاھىمقا ئۇنى.
شاھىم مەدھىي بىرلە بېزەيىن كىتاب،
ئوقىغالى كىشىنىڭ سەۋىنسۇن جانى.

دېمەك ئۇ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ، مەردلىك - مەر-
دانىلىكنىڭ، ئەقىل - ھوش ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ
بۈيۈك ئىگىسىنىڭ نامىنى جاھان ئارا يېيىپ، ئۇنىڭ
شاراپىتىدىن پۈتۈن خەلقنى ئۈلگە ئالدۇرۇپ، بەختلىك
جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قارىماق-
قا بۇ لىرىك بايانلاردا شاھقا قارىتا خۇشامەتچىلىك
خاھىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىر بۇ
ئارقىلىق خۇشامەت قىلىشنى ئەمەس، بەلكى شاھنىڭ
كۆڭۈل خاھىشىنى ئەسىر قىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.
ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە شاھلار ئۈچىنچى ئۇلۇغ زات،
ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى ئورۇنلاش «ۋاجىپ»، ئۇ خەلقنىڭ
پاسىبانى دەپ قارالغاچقا، خەلقنىڭ بەختلىك، جەمئىيەت-
نىڭ تىنچ - خاتىرجەم بولۇشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىرا-
دىسىگە باغلىق دېيىلەتتى. شۇڭا شائىرنىڭ كۆز قارىشى
بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭۈل رايىنى ياخشىلىققا
باشلاپ، يامان كىشىلەرنى، يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى
ئۇنىڭغا تونۇتۇپ قويسىلا، شاھ ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرى-
تىگە تايىنىپ، بۇ ئىشلارنى ئوڭاي تۈزىۋېلىشى مۇمكىن
ئىدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلار ئىجتى-
مائىي تۈزۈمدىن ئەمەس، ئاچكۆز، نامەرد، تەكەببۇر،
زالىم، ۋەھشىي كىشىلەر تەرىپىدىن سادىر بولغان، شاھ
بۇنداق كىشىلەرنى تونۇپ يەتمىگەچكە، ئۇلار خالىغانچە
زورلۇق، زومبۇلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.... بۇ
بايانلاردىكى لىرىك تۇيغۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا چوڭقۇر
دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇ بايانلاردا ئۇلۇغ خەلقپەر-
ۋەر شائىرنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ بەختسىز-

لىكىگە ئېچىنغان؛ ئـادالـەتسىزلىك، ئـاچكۆزلۈك، زۇلـۇم، زورلۇق قاتارلىق قاتارلىق پەسكەش ئىللەتلەردىن قاتتىق يىرگەنگەن يالقۇنلۇق ئوبرازى چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر ھەققانىيەت يولىدا كۈرەش قىلغۇچى ئادالەت جەڭچىسى سۈپىتىدە دادىل ئوتتـ تۇرىغا چىقىپ، جاھان ئەھلىگە ئۆزىنىڭ ھەق ـ ئادالەت يـولىدىكى جەڭگىۋار چاقىرىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قـويىدۇ.

داستانىنىڭ ئالتىنچى بابتىن ئون ئۈچىنچى بابقىچە بولغان سەككىز بابى ئۇنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرىدىـن ئىبارەتتۇر. بولار مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

1) بىلىم ـ مـەرىـپـەت ئىگىلەش، بىلىم ئـارقىلىق دۇنيانى تـونـۇپ، بىلىم ئارقىلىق دۇنيانى ئـۆزگـەرتىپ، بەختلىك تـۇرمـۇش يارىتىش داستانىنىڭ مـەزمـۇنـى ۋە شائىرنىڭ غايىۋى مەقسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تېمىدۇر.

بىلىمدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگلىككە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا.
بىلىگ بىرلە بۇلنۇر سائادەت يولى،
بىلىگ بىل سائادەت يولىنى بۇلا.

بىلىملىك بىرىگە بىلىمسىز مىڭىن،
تەڭەگەلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن.
باقا كۆرگىل ئەنرى ئۇقۇ سەڭا يۇ،
نەنەڭ بار بىلىگتەك ئاسىغلىغ ئۆڭىن.

شائىر بۇ كۇپلېتلاردا جاراڭلاپ تـۇرغان «بىلىم مەرىپەت ئـارقىلىق سائـادەت يـولـىـنـى ئېچىش» تەشەببۇسلىرى

ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» كۆز قارىشىنى يەنىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرىدۇ، بىلىمنى تەڭداشسىز چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيىلەپ، بىلىم ئىگىلەش بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشتىكى بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئىدېئولوگىيىلىك تەپەككۇرلار قويۇق دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنىڭ كۈچلۈك كونتروللۇقىدا تۇرغان بىر دەۋردە شائىرنىڭ بىلىم ئارقىلىق دۇنيانى تونۇپ، بىلىم ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىشتەك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىنتايىن چوڭ مەردانىلىك ۋە باتۇرلۇقتۇر. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدا ساددا ماتېرىيالىستىك تىندىنسىيىلەرنىڭ، دىئالېكتىك چۈشەنچىلەرنىڭ نەقەدەر ئاشكارا زاھىر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدا نۇرغۇن دىنىي، ئىدېئالىزملىق، تەقدىرچىلىك خاھىشلىرى قويۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتە، رېئال تۇرمۇشنى تونۇش، ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىك تونۇش ۋە چۈشەنچىلىرىگە كۆپ دەرىجىدە يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي قاراشلىرى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇ بۇ بايانلىرىدا «تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرماسلىق لازىم» دېگەن تىندىنسىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

2) داستاننىڭ سەككىزىنچى بابى «تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە» بولۇپ، بۇ بابمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «تىل ئەردەمنى ساقلاش» بابى بىلەن مەزمۇنداش. شائىر بۇ تېمىنى ئېچىپ بېرىشتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكىر

ئىزى بىلەن ئەمەس، ئۆزىگە خاس پىكىر ئىقمى بىلەن جانلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تىلىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى پەۋقۇلئاددە رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

«تىل ئەردەمنى ساقلاش» خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى پەزىلىتىدە ئەزەلدىن ئەڭ مۇھىم خىسلەت سانىلىپ، تەرغىب قىلىپ كېلىنگەن. خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تۇرمۇش جەريانىدا بۇ ھەقتە توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئىنتايىن مول. «توغرا سۆز تۆمۈر-نى تېشەر، يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر»، «ياخشى سۆز-گە قۇلاق سال، يامان سۆزگە ياماق سال» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە ئېتىقادلىرى يەكۈنلەنگەن. شائىر ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى سۈپىتىدە يازغان بۇ داستانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى، ئەقىدىسى بولغان بۇ تېمىدىن چەتنەپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر پىكىرلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر-لىرى ئارقىلىق بۇ تېمىنى قىزغىن ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان.

شائىرنىڭ قارىشىچىمۇ تىل ئەردەمى (تىل گۈزەللى-كى) ئىنسانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

3) داستاننىڭ كېيىنكى بىرقانچە بابلىرىدا گۈزەل

ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن پەس خۇلقى مىجەزلەرنى ئۆز-
ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەزىلەتلىك بولۇش، پەزى-
لەتسىز بولماسلىق تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەخلاقىي پەزىلەت ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر
تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ دۇنيا ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ
ئۆلمەس تېمىلىرىدىن بىرىدۇر. مەيلى يازما ياكى ئېغىز
ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن، مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەل
ئەدەبىياتىدا بولسۇن قەدىمدىن تارتىپ گۈزەل ئەخلاقىي
پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىپ، پەس خۇلقى مىجەزلەر قاتتىق
پاش قىلىنىپ كېلىنگەن. ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى
بىلەن يېقىندىن ھەمنەپەس بولغان شائىر يۈكنەكىمۇ
بۇ تېمىنى ئىنتايىن جۈرئەتلىك ۋە زوقمەنلىك بىلەن
گەۋدىلەندۈرگەن. چۈنكى ئۇ داستانىدا يالغۇز ئادەتتىكى
كىتابخانلارنى تەربىيىلەشنىلا ئەمەس، شاھنى تەربىيىلەش-
نىمۇ مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ روشەن ھالدا خەلق
مەيدانىدا تۇرۇپ، مەردلىك ۋە بېخىللىق، كەمتەرلىك
ۋە تەكەببۇرلۇق، كەڭ قورساقلىق ۋە قىتىغىرلىق، قانا-
ئەتچانلىق ۋە ئاچكۆزلۈك، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق
قاتارلىق خىسلەتلەرنى بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈپ،
كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي
مۇھىتىغا ئىجابىي تەسىر بېرىدىغان پەزىلەتلەرنى يۈكسەك
ئورۇنغا قويۇپ مەدھىيىلىگەن. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ
شەخسىيىتىنى بۇزىدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىتقا يامان
تەسىر بېرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچا
ئاستىغا ئېلىپ لەنەت ياغدۇرغان. داستانغا يۇقىرىقىلاردىن
باشقا يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلار: يۇقى-

ری ئـورۇنغا ئېرىشكەنـدە تـۆۋەننى ئـۇنتۇپ قـالماسلىق،
مىلك دوستنى ئاز، بـىـر دۈشمەنـنـى كۆپ دەپ بىلىش،
ھـەمـمـە كىشىگـە بـاراۋەر، سىلىق مـۇئـامىلە قىلىش...
ۋە باشقىلار. مانا بـۇ ئـەخلاقىي پرىنسىپلار نېمىدېـگـەن
يۇقىرى ئۆلچەملىك ـ ھە؟!

داستاننىڭ نۇرغۇنلىغان كىتابخانىلىرى بار، ئەلۋەتتە.
لېكىن شائىرنىڭ مـۇددىئاسى بـويىچە قارىغانـدا ئـۇنىڭ
بىرىنچى ۋە بـىـردىـنبـىـر كـىـتـابخانـى ئـالـدى بىلەن
مـۇھـەممەت ئىسپاھ سالار بەگدۇر. شۇڭـا كېيىن ئېيتىشقا
بولىدۇكى، ئۇ بۇ تەشەببۇس ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارنـى
ئالدى بىلەن شاھنىڭ ئورۇنلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىللە دۆلەتنى تىنچ ـ خاتىرجەم، خەلقنى بەختلىك
قىلىشنىڭ ئاچقۇچى مۇشۇنداق ئـۇلـۇغۋار خىسلەتكە ئىگە
شاھنىڭ بـولـۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن قـايىل
قىلارلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئـون ئـۈچىنچى بـاب پـۈتـۈن داستانغا نىسبەتەن
ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە بىر باب بولۇپ، بـۇ بابتا شائىر
ھەر جەھەتتىن زوراۋانلىققا، جەمئىيەتكە بـولغان قاتتىق
نارازىلىقنى ئىپادىلەپ، ئـۇنـىـڭ چىرىك تـەرەپـلىرىنى
قاتتىق قامچا ئاستىغا ئالىدۇ. مەسىلەن: «دوستلۇق جالـ
شىپ كـەتتى. ۋاپاسىزلىق ئـەۋج ئـالـدى. يـاخشىلىقنىڭ
ئـورنىنى يامانلىق ئىگىلىدى. جاھان ئـۆچمەنلىك، خىيا-
نەتچىلىك بىلەن تـولدى. ئالىملار مـەردىيەتتىن، زاھىتلار
تەقۋادارلىقتىن ۋاز كەچتى. يوللۇقلارغا يول تار، يولسىز-
لارغا يـول كـەڭ بولـدى. دۇنيادا ئېتىبارلىق بـولىمەن
دېسەڭ ئىككى يـۈزلىمچى بـول...» دېگەنـگە ئـوخشاش.

قىسقىسى ھـۆكـۈمرانلىرىمۇ، پۇقرالىرىمۇ بـۇزۇلۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك ئوبرازى ھەققىدىكى بايانلار ئەسەر-نىڭ ئىككىنچى يۈزى بولۇپ، شائىر كۈچلۈك تەنە ۋە نەپرەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قاتتىق سۆكىدۇ.

داستاننىڭ باش تەرىپىدە شۇنچە يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە قىلىپ مەدھىيىلەنگەن ئادالەتلىك شاھنىڭ يـۇرتىدا يەنە نېمىشقا بۇنداق قاباھەتلىك ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ؟ دەرۋەقە شائىر شاھنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇنى ئـۆز تەشەببۇسلىرىغا ئەگەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، مۆرىتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال قاراڭغۇلۇق-تىن كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتمىگەن، بەلكى قەتئىي رېئا-لىستىك مەيداندا تۇرۇپ، بۇ يامان ئىللەتلەرنى كەسكىن ئەيىبلىگەن.

ئاۋۇن بولدى ئۇدۋان جەفا جەۋرى بىلە،
قانى بىر ۋاپالىق يار ئەرسە تىلە.
سەن ئارتات سەن ئانىن ئاۋۇن ئارتادى،
نەلۈك بۇ ئاۋۇنغا قىلۇرسەن گىلە.

كىم ئىككى يۈزچى بولسا كىشى يىگى ئول،
كەرەك بولسا يىگىلىك يۈرى يۈزچى بول.
كىم ئول يوللۇغ ئەرسە ئانىڭ يولى يوق،
كىم ئول يولسىز ئەرسە ئاڭار كېڭرۇ يول.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغ-

لۇقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شائىر يۈكنەكىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، خەلقنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش - جېدەل، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن دەۋردە خەلقچىللىق مەيداندا تۇرۇپ مۇنداق نادىر ئەسەرنى يېزىپ شاھقا سۇنغانلىقى، شۇ دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ئىشتۇر. بۇ ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ تىنچ - خاتىرجەملىكى، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆيۈنگەن، بۇ ھەقتە چىقىش يول ئىزدەپ بىر قاتار ئىلغار ھەم ئاكتىۋال تەشەببۇسلارنى سىستېمىغا سالغان ئۇلۇغ جەمئىيەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

# «تىل ھەققىدە» توغرىسىدا تەھلىل

## ئاپتور ۋە شېئىرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئىپتىخارلىرىدىن بىرىدۇر. ناۋايى مىلادى 1441 - يىلى 9 - فېۋرالدا (ھىجرىيىنىڭ 44 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن تۆمۈرىلەر ئوردىسىدىكى ئىناۋەتلىك خادىملارنىڭ بىرى بولغان. غىياسىددىن ئائىلىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەلىشىرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىيات - سەنئەت خۇشتارى بولۇپ ئۆسۈشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەلىشىر بالىلىق ۋاقتىدىلا زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى ۋە خۇش پېئىللىقى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچ - تۆت يېشىدىلا شېئىر ئاڭلاشقا ۋە شېئىر ئوقۇشقا ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەن. بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مەكتەپكە كىرگەن. ئۇ مەكتەپتە بولغۇسى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولغان. ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنۇمى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى ھېسابسىز نۇرغۇن شېئىرلارنى يادقا

ئالغان. ئۇنىڭ ئون، ئون بىر يېشىدىلا يادلىۋالغان شېئىرلىرى توٚت، بەش مىڭ مىسراغا يەتكەن.

ئەلشىر ئون ئىككى يېشىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان، كېيىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ ساۋاقدىشى ھەم دوستى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابىر ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئوبۇلقاسىم بابىر ئەلشىرگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان ئىشتىياقىغا مەدەت، ئىلھام بەرگەن.

ئەلشىر يەتتە يېشىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە باشلانغۇچ بىلىمنى پارس مەنبەلىرىدىن ئالغان ئەلشىر ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا نىزامى، گەنجىۋى، مۇسلىھىدىن سەئىدى، پەرىدىدىن ئەتتار، فىردەۋسى، خۇسراۋدىھلىۋى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشقان. كېيىنرەك تۈركى تىلىدىكى شېئىرلارنى زوقمەنلىك بىلەن ئوقۇشقا كىرىشكەن. بولۇپمۇ ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى غەزەللىرىدىن چوڭقۇر ئوزۇق ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يازغان. ئون بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تۈركى تىلىدىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. پارسچە شېئىرلىرىدا «خانىي»، تۈركى تىلىدىكى شېئىرلىرىدا «ناۋايى» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ، «قوش تىللىق» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى پېشقەدەم شائىرلارنىمۇ ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئون ئالتە يېشىدا يازغان:

«ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان بولغاچ قۇياش»

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىنى كۆرگەن لۇتفى ھاياجان، قايىللىق ھېسسىياتىغا چۆمۈپ «... ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون، ئون ئىككى مىڭ پارسى ۋە تۈركى بېيىتىمنى شۇ غەزەلگە ئالماشتۇرار ئىدىم» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئەلشىر ناۋايى يېرىم ئەسىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە «خەزائىنۇلمەئانى» ناملىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. «خەزائىنۇلمەئانى» كىتابى «ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى»، «يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»، «ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»، «قېرىلىق نەپلىرى» دېگەن ئايرىم – ئايرىم تۆت دىۋاندىن تۈزۈلگەن.

«خەمسە» بولسا 1482 — 1485 – يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان بولۇپ، «ھەيراتۇل ئەبرار»، «پەرھات ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق بەش داستاندىن تۈزۈلگەن، ناۋايىنىڭ يەنە «لىسانۇت – تەير»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

ناۋايى ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي مېغىزى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم خەلقپەرۋەرلىكتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ گىنئال ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ غەم – قايغۇسىنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرنى قاتتىق لەنەت ئاستىغا ئېلىپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان كىشىلەرنى يۈكسەك ئىززەت – ئېھتىرام بىلەن مەدھىيىلىگەن:

ئادىمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادىمى،

ئانىكى يوق خەلق غەمدىن غەمى.

يەنە:

ماڭا قىلسا مىڭ جاپا بىر قەتلە پەرياد ئەيلە جان،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا مىڭ قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.

دېمەك شائىر خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش دەپ تونۇغان.

شائىرنىڭ «تىل ھەققىدە» دېگەن شېئىرىمۇ ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلىغان، تىلنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى پەۋقۇلئاددە رولىنى توغرا يورۇتۇپ بەرگەن شېئىردۇر.

شائىر ئىخچام يېزىلغان بۇ شېئىرىدا تىلىمىزدىكى سىتىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ئىنساننىڭ ۋە ئۇ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇپ، ياشاپ، راۋاجلىنىپ تۇرۇشىدىكى پەۋقۇلئاددە رولىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئەگەر بۇ مەزمۇننى تۈرلۈك ئاساسلارنى كەلتۈرۈپ، چۈشەندۈرۈش توغرا كەلسە توم - توم ئەسەرلەرنى يازسىمۇ كۆپلۈك قىلمىغان بولاتتى. بىراق شائىرنىڭ پەلسەپىۋى پىكرى، بەدىئىي تەپەككۇرى بەك يۇقىرى بولغاچقا، بۇ ئەسەرنى خۇددى ئۆزى تەشەببۇس قىلغىنىدەك «مىڭ ئېغىز سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن يېشىپ»، تىل ھەققىدە بۇنىڭدىنمۇ يۈكسەك تەبىر ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە يەنە بىرەر پارچە ئەسەر يازغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كەلتۈرگەن.

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قولۇپى تىلدۇر،
ۋە ئول خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى تىلدۇر.

شائىر ئىنساننىڭ قەلبى قىممەتلىك جەۋھەرلەر بىلەن تولغان بىر باي خەزىنە، شۇ خەزىنىدە ساقلانغان پەلسە-پە، سىياسەت، تارىخ، ئەخلاق، ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق بارلىق پەن جەۋھەرلىرى پەقەت مۇئەي-يەن ئەقلىي مەزمۇنغا ئىگە تىل شەكلى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تىل ئۇلارنى ئىپادىلەيدۇ، خاتىرىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى ساقلايدۇ ھەم باشقىلارغا تارقىتىدۇ. شۇڭا تىل بىر تەرەپتىن شۇ جاۋاھىرلار خەزىنىسىنى ساقلىغۇچى قۇلۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى خەلقى ئالەمگە ئاشكارىلاپ بىلدۈرگۈچى ئاچقۇچ، دەپ سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بى-لەن بىللە ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەنە شۇنداق مۇھىم رول ئوينايدىغان تىلنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ ساپ، گۈزەل، ئۆتۈملۈك بولۇشىنى قەدىرلەپ، ئۇنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش زۆرۈرلۈكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دۇردانىلەر دېگەن سۆزنى ئەپسانە بىل،
جاھان دېڭىزىدا تىلنى دۇردانە بىل.

دېگەن مىسرالاردا ئالدىنقى مىسرالاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، جاھاندا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئىزدەش توغرا كەلسە ئۇ دېڭىز ئاستىدىن چىقىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىت-لار بولماستىن تىلدۇر، تىلنىڭ قىممىتى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر قىممەتلىك نەرسە دەپ چۈشىنىدىغان «دۇردانە» نىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرساق ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، دەپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئىنسان-

يەت دۇنياسى بايلىقلار بىلەن تولغان بىر دېڭىز بولىدىغان بولسا، بۇ بايلىقلار ئىچىدىكى ھەقىقىي «دۇردانە» تىلدۇر دەپ، تىلنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان يۈكسەك ئېتىقادىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شېئىرنىڭ ئاخىرىدا شائىر يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تىلنى يەنىمۇ كۈچلۈك بولغان ئەقىدىسى ئارقىلىق تەبىرلەپ:

ئىنساننى سۆز جۇدا ئەيلىدى ھايۋاندىن،
بىلىم گۆھىرى شەرىفراق يوق ئاندىن.

دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەر بىر كىشى ھاياتىدا قىممەتلىك ۋە شەرەپلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولىمەن دەيدىغان بولسا، ئۇنى باشقا يەردىن ئەمەس، ئۆز كۆڭۈل خەزىنىسىدىن ئىزدىشى، ئىلىم - مەرىپەت جاۋاھىرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، خاتىرىلەپ، كۆڭۈل خەزىنىسىنى ئەنە شۇ قىممەتلىك جاۋاھىرلار بىلەن تولدۇرۇپ ساقلىشى، ئۇنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈشى لازىم. دېمەك، ئىنسانىيەت دېڭىزىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق — تىل. ئۇ ئىنساننىڭ ئالدىنقى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بارلىق بىلىملەر بىلەن قوراللىنىشنى ھەم ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر ئالاقە ۋاستىسى. شۇڭا ئىنساننىڭ «ئىنسان» دەپ ئاتىلىپ، ھايۋاندىن پەرقلىنىپ چىقىپ، دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنالىشى دەل مۇشۇ شەرەپلىك قورالغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان... دېگەن پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شائىر ناۋايىنىڭ تىل ھەققىدىكى مۇنداق يۈكسەك ئېتىقادى ۋە ئەقىدىسى ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، يۇ-

سۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تىل ئەردەمنى ساقلاش» كۆزقا-
رىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشتۇر. شائىرنىڭ تىلنى مۇن-
داق يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ تەبىرلىشى ئۇنىڭ «تىل گۆ-
زەللىكىنى» ساقلاش ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، كىشى-
لەرنى ئاشۇ قىممەتلىك بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب مەقسەت - مۇرادلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىشىنى كۈچلۈك تەشەببۇس
قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

# «قوشنىلار» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

يازغۇچى زوردۇن سابىر 1937 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلى دارىلمۇئەللىمىن، غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى ۋە غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

زوردۇن سابىر 1955 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1972 - يىلى تۇنجى ھېكايىسى «سىرداش قەلبلەر» ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە «شەبنەم»، «ساداقەت»، «ئۇنۇتمايمەن گۈلسارە»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئارچا ياپرىقى» قاتارلىق ھېكايىلەر، پوۋېستلار توپلاملىرى بىلەن «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش» قاتارلىق رومانلىرى ئېلان قىلىنغان.

### 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ئاپتور ھېكايىدە خاراكتېرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى قوشنىنىڭ رېئاللىقتا (كوللېكتىپقا،

كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكى، مەنپەئەتىگە، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە، ئۆز مەنپەئەتىگە) تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىسىنى تېپىما قىلىش ئارقىلىق «نىيىتى يامانىنىڭ قازنى تۆشۈك» دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئاممىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر بىر شەخس، ھەر بىر ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى پەقەت ئاممىدىن، كوللېكتىپتىن ئايرىلمىغاندىلا كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئاممىدىن، كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قالغاندا، ھەتتا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان ھەرىكەتلەردە بولغاندا ئاقىۋىتى رەسۋاچىلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

### سالى ئوبرازى

سالى ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئاممىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى مۇقەددەس دەپ تونۇيدىغان، ئۆزىنىڭ ئامما ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى ئەتىۋارلايدىغان ئەمگەكچان، سەمىمىي كىشىلەرنىڭ تىپى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىدىكى كەمبەغەللىك ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. بىر تەرەپتىن كوللېكتىپنىڭ ئورتاق ئىش تەقسىماتى بويىچە ئاكتىپلىق بىلەن

ئىشلەپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشىدۇ، دۈينىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەندە ئىش- لەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، نەچچە ئون كۆۋرۈك ياسايدۇ، دۈينىڭ تېمىنى سوقىدۇ، ماللارنى قورۇيدۇ، ئاشلىقنى ساق- لايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، قو- شۇمچە كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، توخۇ - تۇمان باقىدۇ، قالدۇرۇق يېرىدە كۆكتات تېرىيدۇ.

سالىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن بىز ئۇنىڭ ئاممىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان سەممىي، ئاكتىپ، ئەمگەكچان خا- راكتېرىنى كۆرۈۋالالايمىز. سالىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىكەنلىكىنى يەنە ئۇنىڭ ئاچكۆز، ھەسەتخور قوشنىسى جامىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىنمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسلىدە جامىمۇ سەھەرچى ئادەم، بىراق ئۇ كىشى كۆرمەستە كوللېكتىپنىڭ، قوشنىسى سالىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدۇ. سالىنىڭ توخۇ - تۇخۇملىرىنى ئوغرىلايدۇ، ئۇنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن ھېيىقماستىن ئۈچ - تۆت مېتىر يەرنى ئۆزىنىڭ بېغىغا قوشۇۋالىدۇ. مۇشۇنداق ناھەقچىلىق- لار بولۇۋاتسىمۇ سالى قوشنىسىغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، ئەرزىمىگەن قارشىلىقتا بولىدۇ. «ھېچ بولمىسا توپىنى بولسىمۇ ئۆز تەۋەيىگىدىن ئالساڭمىغۇ!....»، «مەن توققۇز جان جامىكا، توققۇز جاننىڭ قالدۇرۇق يېرى». مانا بۇ دىئالوگلار سالىنىڭ كەڭ قورساق، ئازراق ئىشنى دەپ كىشىلەر بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان

يۈۋاش كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ قوشنىسىغا ھەمىشە ياخشىلىق قىلىدۇ. قوشنىسىنىڭ نەچچە ئون قېتىم ئوغرىلىق قىلغىنىنى، قاقتى - سوقتى قىلغىنىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، پاش قىلمايدۇ. ھەتتا دۈي كادىرلىرى جامى قوشۇۋالغان ئۈچ - تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى يېرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاملىرىنى چاقتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئەتىسىلا جامىغا ئىچ ئاغرىتىپ، يەنە ئىككى چامدام يەرنى قوشۇپ، تام سوقۇپ بېرىدۇ. ئاداۋەت ساقلىماستىن، جامىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە جان كۆيەرلىك بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ياغاچ بېسىۋېلىپ پۇتى سۇنىدۇ. كۆپچىلىك جامىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى كوللېكتىپتىن ئوغرىلاپ ئېلىپ يوشۇرغان مۈلۈكلەرنى كۆرۈپ، نەپرەتلەنگەندە ئۇ: «قويساڭلارچۇ كۆپچىلىك، قويساڭلارچۇ، شۇ قېرىنى رەنجىتمەڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن ئالماس...» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايايدۇ. قىسقىسى، سالى ئۆزى زىيان تارتسىمۇ باشقىلارنى رەنجىتىشنى خالىمايدىغان، باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ئادىمىگەرچىلىكنىڭ ئالىي ئۆلچىمى دەپ تونۇپ، باشقىلار يامانلىق قىلسىمۇ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىدۇر.

يازغۇچى سالىنىڭ نىيەت ئىقبالى تۈز، ئەمگەكچان، كەڭ قورساق، كوللېكتىۋىزملىق روھقا باي خاراكتېرىنى بىرقەدەر روشەن يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ناھەقچىلىكنى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ قارشىلىق بىلدۈرمەيدىغان زەئىپلىكىنىمۇ ئېچىپ تاشلىغان، ھەمدە ئاممىنىڭ،

كوللېكتىپنىڭ، شەخسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان رەزىل كىشىلەرگە قارىتا كەسكىن كۈرەش قىلىش روھى بولۇش كېرەكلىكىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى دېھقانلاردا ياخشىغا مۇھەببەت، يامانغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان يېڭى ئاڭ سەۋىيە بولۇشى لازىملىقىنى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

جامى ئوبرازى

جامى ھەسەتخور، ئاچكۆز، ئاممىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ تىپى.

ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۇپ ئىدىيىسى كىشى كۆرمەستە كوللېكتىپنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئوغرىلاش. شۇڭا دائىم قوشنىسى سالىنىڭ توخۇ، تۇخۇم، كۆكتات، مېۋە - چېۋىلىرىنى؛ دۈينىڭ كۆۋرۈكلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى؛ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئوغرىلايدۇ. ئۇ قوشنىسى سالىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ روناق تېپىشىغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىدىغان تەرىپىنى كۆرسىلا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. موزايلىرىنى، بالىلىرىنى ئۇرغۇزىدۇ. غاز - ئۆردەكلىرىنى ئىتقا تالىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، سالىنىڭ كۆكتاتلىقىنى بۇزۇپ تام سوقۇپ، كەڭلىكى ئۈچ - تۆت مېتر، ئۇزۇنلۇقى 15 - 16 مېتر كېلىدىغان يېرىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى شۇنچىلىك يەرگە يېتىپ باردۇكى، بەش ياشلىق نەۋرىسىگە ئوت قويۇشنى ئۆگىتىپ، سالىنىڭ سامانلىقىغا ئوت

قويدۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. بىراق، ئىش جامىنىڭ سۇيىقەسـ
تىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىپ، خەلقى ئـالەم
ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ. مانا بۇ، يېڭـى دەۋرىمىزدە، پـارـ
تىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا سىياسـەتلىرىـنىڭ يېـ
تەكچىلىكىدە رەزىللەرنىڭ قارا نىيىتىگـە ھـەرگىز يېتەلـ
مەيدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جامى ناھايىتى جاھىل ئادەم، ئۇ ئۆيىگە ئـوت كېـ
تىپ، نۇرغۇن مۈلكىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە ھـەم ئىسكىلاـ
تىغا يوشۇرۇلغان نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنىڭ ئاممىنىڭ ئالـ
دىدا ئاشكارا بولۇپ، رەسۋا بولغانلىقىغا بەرداشلىق بېرەلـ
مەي ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبـ
نى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، ئاق كۆڭۈل قوشنىسى سالىدىـن
كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كـونا مـەيدانىدا جـاھىللىق بىلەن
چىڭ تۇرۇپ، مەھەللىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشـ
لەرگىلا ئەمەس، ئۆز ئائىلىسىدىكى بالىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان
يېڭى يۈزلىنىشلەرگىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بىراق سوتسـ
يالىستىك دەۋرنىڭ يېڭى ئېقىمى جامىنىڭ بالىلىرىنى يېڭى
ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدۇ. جامىنىڭ بـارغـانسېرى يېگـانە،
يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان جاھىلانە تەبىئىيتى جـەمئىـ
يەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ئىچىدە ئاخىر يوقىلىدۇ.

يازغۇچى جامى ئوبرازىغا قارىتا كۈچلۈك پـاش قىـ
لىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە
كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا يـۈز بېرىـۋاتـ
قان ئۆزگىرىشلەرنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى ئېچىپ بـەرگەن.
سوتسىيالىزم بارغـانسېرى كىشىلـەرنىڭ قـەلبىدە تېخىمـۇ
چوڭقۇر يىلتىز تارتماقتا. سوتسىيالىزمغا قارشى كـۈچلـەر

بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، توسقۇنلۇق قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلماقتا. ھېكايىنىڭ يېشىمى ئەنە شۇ.....

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىدىكى ئەڭ مۇھىم بەدىئىي ئالاھىدىلىك شۇكى، خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى پېرسوناژ بىر بەدىئىي سەھنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خاراكتېر توقۇنۇشى پېرسوناژلارنىڭ رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، مۇئامىلىلىرى ۋە سۆز - ھەرىكىتىدە ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن، ئىككى پېرسوناژنىڭ بىر - بىرىگە، ئائىلىسى، ئائىلە ئەزالىرىغا، كوللېكتىپقا ۋە باشقا كىشىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنگەن پەرق ئەنە شۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

2) ھېكايىدە ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىر پېرسوناژنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە تەبىئىي ھالدا گىرەلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىپ، سالى بىلەن جامىنىڭ پۈتۈن ئىندىۋىدۇئاللىقى كىتابخانىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالغۇدەك قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىلگەن: سالىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئامال قانچە، ئېنى ئۈچ - تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 - 16 مېتىر كېلىدىغان يەرنىڭ مەردىن كەچسۇنمۇ؟... قانداق قىلسا بولار ئىكىن؟ ياخشى گەپ جامىغا ئۆتمەيدۇ. ئۇ ياخشى گەپنى پالۋۇرۇش دەپ

چۈشىنىدۇ - دە، تېخىمۇ بوزەك قىلىدۇ. خالىسلارنى ئارىغا قويىسچۇ؟ ئۇ چاغدا جامائەت جامىدىن يەرنى جەزمەن ئېلىپ بېرىدۇ. ھەتتا سوققان تاملارنى ئۆرۈگۈزىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدىكى پەسەيمەي كېلىۋاتقان ئاداۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەك تۇرسىچۇ؟ جامى بىلەن ياقىلىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى شۇ ياشلىق بولۇپ ئادەم بوغقان ئەمەس! ئۇ چاغدا قاي-سى يۈزى بىلەن ئادەملەرگە قارايدۇ؟ يەر كەتسىمۇ يۈز كەتمىسۇن - دە» سالىنىڭ بۇ خىل ئىچكى كەچۈرمىلىرى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، مەرد، كەڭ قورساق، يۈز - ئابرويە-نى ئەتىۋارلايدىغان خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرسە؛ جامىنىڭ «مېنىڭ بالايۇ ۋاقام بىكۆيۈۋۇم، ئۇلار مېنى پاتراق ئۆلسىكەن، دەيدۇ... دەيتتى. لېكىن ئۇ ھەممىدىنمۇ كۆرە قوشنىسىنى ئىچىدە تېخىمۇ قاتتىقراق تىللايتتى. چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە پۈتۈن ئاپەتنى قوشنىسىدىن كۆرەتتى....» قاتارلىق بىرقانچە نۆۋەت تەسۋىرلەنگەن ئىچكى كەچۈر-مىلىرىدىن ئۇنىڭ ھەسەتخور، ئاچكۆز، جاھىل خاراكتېرى ناھايىتى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرىمۇ ئىنتايىن جا-يىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماي-دىغان خاراكتېرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قىلىپ ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان....

# «خەسىس» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بالزاك (1799 — 1850) XIX ئەسىردىكى فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى. بالزاك-نىڭ ئىجادىيىتى مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك تە-سىر پەيدا قىلغان.

بالزاك فرانسىيە جەمئىيىتىدە سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، سىنىپىي كۈرەش كۈندىن - كۈنگە ئۆت-كۈرلىشىۋاتقان دەۋردە ياشاپ، ناپالېئون ھۆكۈمرانلىقى، بوربون دەۋرى، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەت-تۈرگەن پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئەۋج ئالغان ئىيۇل دەۋرى ۋە 1848-يىلى قوزغالغان، دۇنياۋى تەسىر پەيدا قىلغان پرولېتار-ياتنىڭ بۈيۈك ئىنقىلابىي دەۋرىگە ئوخشاش دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ دەۋرلەردە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەت تالىشىپ، قوراللىق جاڭ-جاللارنى ئېلىپ بارغان، ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسى-دىكى سىنىپىي ئېلىشىشلار ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىنلەش-كەنىدى.

1814 - يىلى فرانسىيىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر غالجىرلىشىپ، ھەرقايسى ئەللەرگە قېچىپ چىقىپ كەتكەن

فرانسىيە فېئودال ئاق سۆڭەكلىرىنى يۆلەپ تـۇرغـۇزۇپ،
ناپالېئوننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بوربون فېئوداللىق ھاكىمـ
يىتىنى ئورناتتى. 1830 - يىلى بۇرژۇئازىيە رەھـبەرلـىك
قىلغان «ئىيۇل ئىنقىلابى» پارتلاپ، بوربون ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، فرانسىيە تارىخىدىكى فېئودال ھۆكۈمـ
رانلىققا خاتىمە بېرىپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئورناتـتى
ۋە كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچتـى.
لېكىن بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن، فېئودال كۈچلەر مەغـلۇ-
بىيىتىگە تەن بەرمەي بۇرژۇئازىيىگە چىش تىرنىقى بىلەن
قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تـەـ
رەپتىن، كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئـەگىـ
شىپ، ئۆسۈپ ئۇلغىيىۋاتقان ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى مەيـ
دانغا كېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگـۈچ
كۈچىگە ئايلىنىۋاتاتتى. بۇ دەۋردىكى فېئوداللار، بۇرژۇئـاـ
زىيە ۋە پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشـ
لەر فرانسىيە تارىخىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ
قالغانىدى. مانا مۇشۇنداق كەسكىن سىياسىي ۋەزىـيـەت،
مۇرەككەپ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر بالزاكنىڭ ئىدىيـىـسـى
ۋە ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ 1829 -
يىلى ئېلان قىلغان «شۇئان پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى» دېگەن
كىتابى رېئالىزملىق ئىجادىيەت يولىنىڭ باشلانغانلىقىدىن
دېرەك بەردى. «ئىنسانلار كومېدىيىسى» — بالـزاك ئـۆز
ئىجادىيىتىگە قويغان ئومۇمىي نام بولۇپ، ئۇ مۇشـۇ نـام
ئاستىدا 90 نەچچە رومان يازدى. بۇ ئەسەرلەر ھەم ئـۆز
ئالدىغا مۇستەقىل، ھەم بىر - بىرىگە باغلانغان بـولـۇپ،
ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە. بالزاك بۇ ئەسەرلىرىدە كاـ

پىتالىزم جەمئىيىتىنى كەسكىن پاش قىلىپ، «پۇل ھەممى-
گە قادىر» دېگەن كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ جان تو-
مۇرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇل دېسە ئار - نومۇس، ۋىجدان،
ئەر - ئايال، ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئاياغ - ئاس-
تى قىلىپ، جېنىنى بېرىدىغان تىپىك قەھرىمانلارنىڭ ئوب-
رازىنى يارىتىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە چىرىكلى-
كىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلىدى. بىز بالزاكنىڭ «يېۋگې-
نى گراندى»، «گورىئو بوۋاي» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن
بىز ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ
قانداق قىلىپ رەھىمسىز، سوغۇق «پۇل مۇئامىلىسى» مۇ-
ناسىۋىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

«يېۋگېنى گراندى» دا پېرسوناژلار كۆپ ئەمەس.
ئاپتور روماندا رەھىمسىز، بېخىل، نەپسانىيەتچى قېرى
بۇرژۇئاز — گراندىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يا-
رىتىپ، فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئاجا-
يىپ زور ماھارەت بىلەن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئېچىپ
تاشلاپ، ۋەھشىيلەشكەن بۇرژۇئازىيىنىڭ كىشىلەر ئوتتۇر-
سىدىكى قېرىنداشلىق، ئائىلە، مۇھەببەت، ۋىجدان، ئەخلاق،
قاتارلىق ئۇلۇغۋار خىسلەتلەرنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئو-
چۇق - ئاشكارا پۇل مۇئامىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلى-
كىنى ئۆتكۈر ھالدا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن. دەرسلىكتىكى
«خەسىس» ناملىق پارچە شۇ رومانىدىن ئېلىنغان.

# 3. گراندى ئوبرازى

گراندى ئەسلىدە بىر سوغىچى بولۇپ، ئىنتايىن قۇۋ، هىيلىگەر بولغاچقا، دەۋرنىڭ ئېقىمىغا تېز يېتىشىۋېلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، تېز بېيىدۇ. ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ هاكىم مۇتلەق خوجايىنى، هەر قانداق ئىش ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ، هەتتا كۈندىلىك تاماقنىڭ تۈرى، ئىشلىتىلىدىغان گۆش، ماي، ئۇن قاتارلىقلارنىمۇ ئۆزى ئۆلچەپ بېرىدۇ. ئۇ پۇل هېسابىنى قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇلى هەددى - هېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەر غۇربەتچىلىكتە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋە قىزى مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن بولۇپ، مال - دۇنيانىڭ قانداق يىغىلىپ، قانداق خىراجەت قىلىنىدىغانلىقى بىلەن زادىلا چاتىقى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بايلىق كەلتۈرگەن بەخت - سائادەت بولمىغىنىدەك، ئائىلىدىكى خەسىسلىك تۈپەيلىدىن ئازاب - ئوقۇبەتمۇ هېس قىلىنمايدۇ. ...

كارلىنىڭ ئۆيىگە پاناه تارتىپ كېلىشى گراندىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ تىنچ، توختام سۇدەك هاياتىنى داۋالغۇتۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ گراندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بىر كىشىلىك راسخوتنى كۆپەيتكەنلىكى گرانداغا خۇددى ئىنتايىن ئېغىر چىقىم بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بولۇپمۇ قىزى يېۋگېنى بىلەن كارل ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەت تۈپەيلىدىن گراندى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىدىن بىر مۇنچە نەرسىلەرنىڭ بىهۇدە چىقىپ كېتىشى گراندىنى چىداپ تۇرغۇسىز ئازابقا مەهكۇم

قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قىزىنىڭ ئالتۇن بۇيۇملىرى قالمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىنى دەرھال ئۆيىگە قاماپ نەزەربەند قىلىپ تاشلاپ، قۇرۇق بولكا بىلەن سوغۇق سۇلا بېرىدۇ.

دېمەك، ئەسەردە گراندىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى پۇل، مەنپەئەتكە مەھكەم باغلانغان بولۇپ، ئۇ كىچىككىنە ئارتۇق چىقىم تۈپەيلىدىن ئازابلىنىدىغان، كىچىككىنە مەنپەئەتتىن شادلىنىدىغان قىلىپ، پۇل پۈتۈن زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان مۇھىم «جان تومۇر» تەرىقىسىدە گەۋدىلىنىدۇ.

كېيىن گراندى قىزىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بۇيۇمنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەسەبىيلەرچە ئېتىلىپ بېرىپ تارتىۋالىدۇ. ئۇنى چىشلەپ كۆرۈپ، پىچىقى بىلەن قىرىپ سىناپ باقماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ قىزىنىڭ نازۇك ساپ مۇھەببىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايالى ئۆزىنى يوقىتىپ، ھوشىدىن كېتىدۇ ۋە شۇ ياتقىنىچە ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. گراندى بولسا ئايالىنى داۋالىتىشقا ئارتۇقچە چىقىم كېتىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ دۇدۇقلاپ، ھولۇقۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردىنلا ئىنتايىن رەھىمدىل، مۇلايىم ئادەم بولۇپ قالىدۇ - دە، قىزىنى نەزەربەندلىكتىن بوشىتىدۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئايالىغا ئىچى ئاغرىغانلىقىدىن، ئايالىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قىزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئانىسىغا تەۋە مۈلۈكنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش غەم - قايغۇسىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قىزى بىلەن ئەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتمەيدىغان گۆدەكلىكىدىن پايدى-

لىنىپ، ئارىغا كىلىشتۈرگۈچى قويۇش ئارقىلىق قىزىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

دېمەك، گراندى پۇل - مەنپەئەتكە شۇنچىلىك مەستانىلىك بىلەن بېرىلگەنكى، ئۇ ئەر - ئايال، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن كېچىپ، پۈتۈن بايلىقنى يەككە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى بىلەن «بەخت - خۇشاللىق» ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىزىغا «مېنى سەن نىجاتلىققا ئىگە قىلدىڭ» دەپ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گۇۋاھچى يېۋگىنىنىڭ قۇرۇق قول قالغانلىقىغا ھېسداشلىق قىلغاندا، گراندى باياتىن گۇۋاھچىغا شۇنچە سىلىق مۇئامىلە قىلىۋاتقان ھالىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، قوپاللىق بىلەن «تولا گەپ قىلما، گېپىمىز گەپ» دەپ رەت قىلىپ، يېۋگىنىنىڭ ۋەقەنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلىۋېلىشىدىن قورقۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشىدۇ. ئاپتور گراندىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان بۇ رەزىل ئويۇنلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ پۇل - مەنپەئەت ئۈچۈن پۈتۈن ئار - نومۇس، ۋىجدانىنى يوقاتقان، چىرىكلەشكەن ئىچكى دۇنياسىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئېچىپ كۆرسەتتىدۇ. گراندىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇ - ھەسرىتى، مولايىم، رەھىمدىل بولۇشى بىلەن ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسى قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ھەممىسى پۇل ۋە مەنپەئەت بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل رەزىل خاراكتېرى، ئالدامچىلىقى ۋە ئۆكتەملىكى كىتابخاننى چىداپ تۇرغۇسىز نەپرەتكە ئىگە قىلىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇل خۇمارلىق جىنايەتلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنىۋېلىشقا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور گراندىنىڭ سودا قىلغان ۋاق-
تىدىكى كېكەچ بولۇۋالغان ھالىتى بىلەن كېچىلىرى كى-
شىلەرگە تۇيدۇرماي قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىپ
ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشلىرى پۇلغا بول-
غان ئاچكۆزلۈكتىن بولغانلىقىنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس
ئەتتۈرۈپ، دۇنياخورلۇقنىڭ كامالەتكە يەتكەن رەزىل تى-
پىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا گەۋدىلەندۈردى، كاپىتالىس-
تىك تۈزۈمنىڭ رەزىل جىنايەتلىرىنى، بۇرژۇئازىيە سىنىپى-
نىڭ كاپىتال يىغىشقا بولغان ئەسەبىيلەرچە ئاچكۆزلۈكلى-
رىنى رەھىمسىز ھالدا قامچىلايدۇ.

گراندى ئوبرازى بالزاك ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار
ئوبرازىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئۇ بۇرژۇئازلارنىڭ تىپىك ۋە-
كىلى بولالايدۇ. ئاپتور ئۆزىمۇ بۇ ئەسەر ھەققىدە توخ-
تالغاندا «يېۋگېنى گراندى» مەن ياراتقان ئوبرازلارنىڭ
ئىچىدە كارامەت ياخشى چىققان ئوبرازلارنىڭ بىرى،
دەپ كۆرسەتكەنىدى. رومانىنىڭ دەرىلىككە كىرگۈزۈلگەن
بۇ قىسمىدا ئاساسەن گراندىنىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىس-
لىق قىلىش مەسىلىسىنى دەۋر قىلىپ، ئائىلى بىلەن قىزى-
غا تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى رەھىمسىز ئىش ھەرىكەتلىرى
ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلىرى ئارقى-
لىق ئۇنىڭ نەپسانىيەتچى، ئالدامچى، ھىيلىگەر، نومۇسسىز
خاراكتېرى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاپ-
تور بۇنىڭ بىلەن بىللە بۇرژۇئاچە ئەخلاق ۋە ئەقىدىلەر-
نىڭ ساختىلىقىنى، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ پۇل ۋە مەن-
پەئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىكلى-

شىپ قانچىلىك رەسۋا ھالەتكە كەلگەنلىكىنى، كاپىتالىزمنىڭ ئار - نومۇس، ئائىلە - مۇھەببەت، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى، قىسقىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى پۇل، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن جىنايەتلىرىنى كۈچلۈك ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ماركس، ئېنگېلسلار «كاپىتال» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى تەھلىل قىلغاندا بالزاك ئەسەرلىرىدىكى بۇنداق بۈيۈك تەنقىدىي رېئالىزملىق بەدىئىي كارتىنىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەنىدى.

## 4. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) بۇ ئەسەردە پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىنتايىن ئىنچىكە، جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەرگە باي بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ماھارەت بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن.

مال - دۇنيانى جاندىن ئەزىز كۆرۈش گراندى ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاساسىي ئامىل. بۇ خىل ئالاھىدىلىك گراندىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، مىجەز - خۇلقى، ئائىلىسىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكىچە، ھەتتا ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدىن قالغىچە بولغان پۈتۈن ھاياتىغا سىڭدۈرۈلگەن.

ئاپتور گراندىدىن ئىبارەت بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ تىپىك ۋەكىلىنىڭ جىنايەتكار ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىر-

لىگەندە ئاساسەن ئايالى، قىزى ۋە خىزمەتچىلىرىگە تۇتقان
پوزىتسىيىسىنى مەركەز قىلىپ، خوتۇن - بالىلىرىغا قىلىـ
ۋاتقان زۇلمى مۇشۇنچىلىك قەبىھ بولغان ئاچكۆز گراندە
نىڭ باشقا كىشىلەرنى تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانغا
ئۇچرىتىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى
ئېچىپ كۆرسەتكەن. بۇ بۆلەكتە گراندې پۇلنىڭ رېژىسـ
سورلۇقىدا ئاجايىپ زور ماھارەت بىلەن رول ئېلىپ چىـ
قىپ، ئەقىلگە سىغقۇسىز تېتىقسىزلىقلارنى قىلىدۇ. ئۇ گاھ
خۇشال بولىدۇ. گاھ غەمگە پاتىدۇ، گاھ يولۋاستەك يۇلـ
قۇنۇپ، پۇل ۋە مەنپەئەتكە ئۆزىنى ئاتىدۇ، گاھ قويدەك
مۇلايىم بولۇپ، قارشى تەرەپنى گراندىنى خاتا چۈشىنىپ
يۈرگەن ئوخشايمىز دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ، يول قويۇشقا
مەجبۇر قىلىدۇ. گاھ يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ
كىشىلەرنى ئالدىسا، گاھ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىۋېتىدۇ.
بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ زادىلا ئۇتتۇرۇپ قويمايـ
دۇ، ئۇ پۇلغا، مەنپەئەتكە ئىگە بولىدىغانلا بولسا، ھەر
قانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ
بارلىق ھەرىكىتى — خۇشاللىقى، قايغۇسى، زالىملىقى،
مېھرىبانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا ئىگە بولۇشقىلا قارىـ
تىلىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئۇنى خەسىسلىكتە
چېكىگە يەتكۈزۈپ، شۇنچىلىك قاتتىق زەھەرلىگەنكى، ئۇ
بىر قارىماققا سەۋدايىدەك، بىر قارىماققا بىچارىدەك، بىر
قارىماققا ئەخمەقتەك، بىر قارىماققا كۆيۈمچاندەك كۆرۈـ
نۈپ، كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز قايمۇقتۇرىدۇ. ئاپتور گراندى
خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلەرنى
بىر مەسىلىگە يەنى پۇل، دۇنيا مەسىلىسىگە مەركەزلەشـ

تۇرگەچكە ئۇنى ئىنتايىن جايىدا گەۋدىلەندۇرۇپ، يۇقىرى
قاتلام بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپىتالغا ئىگە بولۇش جەريانىدىكى
ۋەھشىيلىكىنى ئىنتايىن يىغىنچاقلاپ تىپىكلەشتۈرۈپ، ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن، گراندى ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى تى-
پىكلەشتۈرۈش ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشنىڭ يۇكسەك دە-
رىجىدىكى بىر ئۈلگىسى.

2) پېرسوناژلار تىلى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە ئىنتايىن
ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن.

يېۋگىنى، گراندى خانىم ۋە گراندىلارنىڭ تىللىرى
بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ. ئاپتور ھەر قايسىسىغا
ئۆز خۇلقى مىجەزىگە، مەقسەت - مۇددىئاسىغا لايىق تىلا-
لارنى بېرىپ تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ رېئال
تۇرمۇشقا بولغان چۇشەنچىسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر، قانـ-
چىلىك توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن
بالزاك تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئۇسۇلىنىڭ داڭ-
دار ۋەكىلى بولالىغان.

گراندى قىزىنىڭ قولىدىكى پەرداز قۇتىسىنى قولغا ئېلىپ
كۆرگەندە «ئوھوي، ساپ ئالتۇنغۇ بۇ، ئالتۇن! نېمانچە كۆپ ئال-
تۇن بۇ! بىر كىلوگرام كېلىدۇ بۇ. ھە! ھە! كارل ساڭا چىرايلىق
تىللاغا تېگىشىپ بېرىپتۇ - دە ...... بۇ سوداڭ يامان ئەمەس بوپ-
تۇ» دېسە، ئايالىنى داۋالىغىلى كەلگەن دوختۇردىن: «نۇرغۇن
پۇل سەرپ قىلىش كېرەكمۇ؟» دەپ سورايدۇ. گراندى
ئالدىدا گۇۋاھچىغا يالۋۇرۇپ، بىچارىلىك بىلەن سۆزلىسە،
گۇۋاھچى يېۋگىنىگە ھېسداشلىق قىلىپ گەپ قىلغاندا،
گۇۋاھچىغا «تولا گەپ قىلما كىرۇش گېپىمىز گەپ» دەپ،
كەسكىن پوزىتسىيىدە ھەيۋە قىلىدۇ. ئۆلۈم ھازىسى ئۇس-

تىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرماستىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ،
قىزىنى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن
يالۋۇرىدۇ. قىزى ھۆججەتكە قول قويغاندا ئەزەلدىن بىرى
قىلىپ باقمىغان مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ: «سەن ماڭا
نىجاتلىق يولى بەردىڭ، مەن نىجات تاپتىم، ئەمما بۇ
قەرزىڭنى ئادا قىلغىنىڭ بولدى. ئىككىمىزنىڭ ئېلىش -
بېرىشىمىز قالمىدى، مانا بۇ خالىس سودا بولدى، ئىنسان
ھاياتى شۇنداق بىر سودا. ساڭا بەخت تىلەيمەن! سەن
ئەدەب - ئەخلاقلىق، داداڭغا ۋاپادار قىزسەن ......» دەپ
نومۇسسىزلارچە رەھىمدىل بولۇۋالىدۇ ۋە بۇ سودىدا قىزى-
دىن پايدا ئالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەنت بولۇپ كېتى-
دۇ. گراندىنىڭ خەسىسلىك خاراكتېرى كىتابخانلار ئالدىدا
مانا شۇ سۆزلىرىدىنلا مانا مەن دەپ ئاشكارا بولىدۇ.
پېرسوناژلار خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇلغان تىل ئارقىلىق
ئۇلارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش تەلەپ-
چان يازغۇچىدىن ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلىشنى تە-
لەپ قىلىدىغان جاپالىق خىزمەت. بۇ يازغۇچىدىن تۇر-
مۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى، ئۆزى ياراتماقچى بولغان پېر-
سوناژلار بىلەن ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇشۇشنى، پېرسو-
ناژلارنى ئەتراپلىق، تەپسىلىي كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ
ئاندىن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى دەل ئىپادىلەپ بې-
رىدىغان جانلىق، ئوبرازلىق، خاسلىققا ئىگە بولغان سۆز-
جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياز-
غۇچى بالزاك بۇنداق ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشتە دۇنيا
كلاسسىك ئەدەبىياتىدا داڭ چىقارغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى..
ئۇنىڭ بۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

# «لەن پۇ ۋە لىن شياڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى» تۇغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئەھۋالى

ئىلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى سى ماچيەن تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 145 - (ياكى 135-) يىلىدىن 86 - يىلىغىچە غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان. ئۇ يالغۇز تارىخچىلا بولۇپ قالماستىن تالانتلىق ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇردۇر. سى ماچيەن شياياڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) دا تۇغۇلۇپ، بالىلىق ۋاقىتلىرىدىلا بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سى ماتەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردا تارىخچىسى بولۇپ ئىشلىگەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. سى ماچيەن ئاتىسى بىلەن بىللە چاڭئەنگە بېرىپ، مەشھۇر كۇڭزىچى ئالىم كۇڭ ئەنگونىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇ چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ۋە چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلمىي ئېقىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە كۇڭزىچىلار ئېقىمىغا ئېتىقاد باغلاپ، كۇڭزىنى ئۆزى يازغان مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر» دە بەگزادە ۋاڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى يېزىلغان قىسمىغا كىرگۈزۈپ، باشقا ئالىم - ئۆلى-

مالاردىن ئايرىمچە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويغان.
سى ماچيەن يىگىرمە يېشىدىن باشلاپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ساياھەت قىلىپ چىققان. كېيىن كاتاۋۇل بەگلىك ئەمىلىگە ئولتۇرغاندا خەن خاقانى خەن ۋۇدىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، ھەر قايسى جايلارنى ئارىلىغان، يىراق غەربىي چېگرىدىكى جايلارغىچە بارغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ساياھەتلىرى ھەر خىل سىنىپ، تەبىقىلەردىكى خەلقلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالى، مۇڭ - زارى، تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى چۈشىنىشىگە، خەلق تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ ساياھەت مەزگىلىدە ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنىمۇ ئىگىلەپ، مول تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان، قەدىمىي يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلغان، قەدىمىي كىتابلارنى ئوقۇپ، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىملەرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ توپلىغان بۇ ماتېرىيال، بىلىملىرى ئۇلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۈكسەك خەلقچىللىققا ئىگە «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشقا پۇختا ئاساس بولغان.
سى ماچيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى ئاتىسىنىڭ ئورىدا تارىخچىسى مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىق كۇتۇپخانىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 42 يېشىدىن باشلاپ «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشقا باشلىغان. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى ھونلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھونلارغا تەسلىم بولغان ھەربىي باشلىق لى لىڭنى ياقلاپ،

«لى لىك گەرچە ھونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما پۈرسەت تېپىپ يەنە خەن خاندانلىقىغا پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىدۇ» دېگەنلىكى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ زىندانغا تاشلىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابقا ئۇچرىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىنى بىۋاستە كۆرۈپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى كۈچەيگەن. زىنداندىن چىققاندىن كېيىن ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن يېزىقچىلىققا كىرىشىپ، 53 يېشىدا شانلىق ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر» كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» مەملىكىتىمىزنىڭ تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان تۇنجى تارىخ كىتابى بولۇپ، ئۇ خۇاڭدىدىن تارتىپ خەنۋۇدى دەۋرىگىچە بولغان 3000 يىللىق تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتاب جەمئىي 130 قىسىم بولۇپ، 12 پارچە شاھلار تەرجىمىھالى، 30 پارچە بەگزادە - ۋاڭلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئون پارچە شاھلار نەسىل - نەسەبنامىسى، 70 پارچە ئاددىي كىشىلەر تەرجىمىھالى، سەككىز پارچە خاتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتاب ئېلىمىزنىڭ 3000 يىللىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەرەققىيات جەريانلىرىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەپ بەرگەن.

«لەن پۇ ۋە لىن شياڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بۇ ئەسەر مانا شۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن ئېلىنغان بولۇپ، ھەم تارىخىي چىنلىققا ھەم بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن 2000 يىلدىن بېرى خەلق ئىچىدە

ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى-
غا ئايلىنىپ كەلدى.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيەسى

ئەسەردە لىن شياڭرۇنىڭ چىن خانىدانلىقىغا ئەلچى
بولۇپ بېرىپ، قىممەتلىك خېشى قاشتېشىنى سوۋغات قىلىپ
ئاپىرىپ، ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشى، ئىككى خان-
نىڭ زىياپىتىدە چىن خېنىنى ناغرا چېلىشقا مەجبۇر قىلى-
شى، لەن پوغا يول قويۇپ، ۋەزىر بىلەن گېنېرالنىڭ
ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولۇشتەك ئۈچ ۋەقە
تېما قىلىنىش ئارقىلىق قەدىمكى زاماندىكى ئىككى ۋەتەن-
پەرۋەر ئەمەلدارنىڭ جانلىق ئوبرازى يارىتىلىپ، لىن
شياڭرۇنىڭ دانا، باتۇر خاراكتېرى ۋە دۆلەت مەنپەئىتى-
نى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك روھى، لەن پونىڭ ۋەتەنگە بولغان ساداقىتى
بىلەن ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك ئالىي پەزى-
لىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## 3. تېكىست ھەققىدە تەھلىل

بۇ ئەسەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن مەركەزلىك بايان
قىلىنغان ئۈچ مۇھىم ۋەقە ۋە ئالدىدا بېرىلگەن لەن پو
بىلەن لىن شياڭرۇلار ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت
تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن.

بىرىنچى بۆلەك — دەسلەپكى ئىككى ئابزاس. ئاپ-

تور بۇ بۆلەكتە لەن پۇ ۋە لىن شىياڭرۇنىڭ جاۋ مەملىكىتىدىكى ئورنى، ۋەزىپىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋەقەلەردە ئوينايدىغان رولى ھەققىدە كىتابخاندا روھىي تەييارلىق ھازىرلىتىپ، ئاساسىي ۋەقەلىك ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك ئۈچىنچى ئابزاستىن (جاۋ خۇي ۋېنۋاڭ ... دېگەن يەردىن) ئون ئۈچىنچى ئابزاسقىچە يەنى «نەتىجىدە چىن مەملىكىتىمۇ ...» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، بۇنىڭدا قاشتېشى ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ. جاۋ مەملىكىتىنىڭ قىممەتلىك قاشتېشىنى چىن مەملىكىتى ئون بەش شەھەرگە تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوردا ئەھلى قاشتېشىنى بەرمىسە ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك بولغان چىن دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش قىلىپ كېلىشىدىن، قاشتېشىنى بەرسە ئون بەش شەھەرنى بەرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قالىدۇ. مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خاننىڭ باش كاتىپىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن لىن شىياڭرۇ ئوردىغا چاقىرتىلىدۇ. خان بۇ قىيىن مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغاندا، باشقىلار شۇنچە باش قاتۇرۇپ ھەل قىلالمايۋاتقان مەسىلىنى لىن شىياڭرۇ ئېنىق قىلىپ «چىن مەملىكىتى كۈچلۈك، بىز ئاجىز. ماقۇل دېمەي ئامال يوق» دېگەن بىرلا جۈملە گەپ بىلەن ھەل قىلىپ قويىدۇ. خان چېنىنىڭ ئون بەش شەھەرنى بەرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندە، ئۇ ئەھۋالنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ «بىز قائىدە - يوسۇنسىز ئىش قىلمايلى. ئۇلار قىلسا قىلسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن رەت قىلىشتىن كۆرە قوبۇل

قىلىش پايدىلىقراق» دەپ كېسىپ جاۋاب بېرىدۇ.

لىن شياڭرۇ بۇ قېتىم مەسىلىگە ھېچ ۋاقىتتا يۈزەكى ئويلاپ جاۋاب بەرگىنى يوق، ئۇ «چىن مەملىكىتى كۈچلۈك، جاۋ مەملىكىتى ئاجىز» لىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا مۇلاھىزە قىلىدۇ، شۇنداقلا جاۋ مەملىكىتىنىڭ بۇ سودىدا زىيان تارتىپ قالماسلىقىنى نەزەرگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قېتىم ۋە خەتەرلىك ۋەزىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن، مەردانىلىك بىلەن «ئەگەر ئادەم تېپىلماي قالغان بولسا، قىممەتلىك تاشنى مەن ئېلىپ باراي» دەپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە چىن مەملىكىتى ئۆزىنىڭ چوڭ ۋە كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ قىممەتلىك تاشنى ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا بولۇپ، «ئون بەش شەھەر بېرىمىز» دېگىنى قۇرۇق گەپ ئىدى. شۇڭا قىممەتلىك قاشتېشىنى بىر كىشىنىڭ چىن ئوردىسىغا ئاپىرىپ قايتۇرۇپ كېلىشى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان خەتەرلىك ئىش ئىدى. لىن شياڭرۇنىڭ بۇ ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلىم ئىقتىدارىغا ئىشىنىدىغان، ھەرقانداق خېيىم - خەتەر ۋە ھەيۋىلەردىن قورقمايدىغان باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لىن شياڭرۇنىڭ كېيىن چىن ئوردىسىغا قاشتېشىنى ئېلىپ بېرىپ، ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېلىش جەريانىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. چىن خاقانى لىن شياڭرۇنى مەنستىمەي ئاددىيلا قوبۇل

قىلىپ، قاشتېشىنى خۇشاللىق بىلەن قولغا ئېلىپ، كېنىزەك، ۋەزىر، ئەمەلدارلىرىغا كۆرسىتىدۇ. لىن شياڭرۇ چىن خاقانىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن ئۇنىڭ جاۋ خانىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى ۋە ئېسىل قاشتېشىنى ئېلىۋېلىپ، شەھەرلەرنى بەرمەيدىغان قارا نىيىتىنى كۆرۈۋالىدۇ. لىن شياڭرۇ بۇ خىل ئىنچىكە، مۇرەككەپ، قىيىن شارائىتتا ئۇستىلىق بىلەن قاشتېشىنى قولغا ئېلىۋېلىپ، بىر تۇۋرۇكنىڭ قېشىغا كېلىپ، غەزەپ بىلەن چىن خانىنىڭ قارا نىيىتىنى، ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنسىزلىقىنى ۋەزىر، كېنىزەك ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرى ئالدىدا قورقماستىن ئېچىپ تاشلايدۇ، جاۋ خانىنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق ئىش قىلىپ چىن خانىغا بىلدۈرگەن ھۆرمىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چىن خانىنى ئىنتايىن ئوڭايسىز بىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

لىن شياڭرۇ قاشتېشىنى تۇۋرۇككە ئۇرۇپ چېقىۋېتىش بىلەن بىللە ئۆز بېشىنى تۇۋرۇككە ئۇرۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چىن خاقانى ئامالسىز خەرىتىنى ئالدۇرۇپ، بېرىدىغان ئون بەش شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىللىك لىن شياڭرۇ چىن خاقانىنىڭ يەنىلا ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. ئۇ چىن خاقانىنىڭ ھىيلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تاكتىكا ئويلاپ چىقىپ، بەش كۈن نەزىر بېرىشنى، تاشنى نەزىردە بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاشتېشىنى يوشۇرۇپ، جاۋ مەملىكىتىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ. بەش كۈن نەزىر بەرگەن چىن خاقانى سارايدا چوڭ زىياپەت بېرىپ لىن شياڭرۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋالىدۇ. لىن شياڭرۇ قاشتېشىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئون بەش شەھەر قاچان

بېرىلسە، جاۋ مەملىكىتى قاشتېشىنى شۇ ھامان بېرىدىغان-
لىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە چىن خاقانىنى ئالدىغانلىقى
ئۈچۈن ئۆزىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. چىن خاقانى
ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، لىن شياڭرۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پاي-
دىسىزلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇنى تەنتەنىلىك مۇراسىم
بىلەن جاۋ مەملىكىتىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ. لىن شياڭرۇ ئۆزى-
نىڭ دانالىقى بىلەن كۈچلۈك چىن خاقانىنى ئاجىز جاۋ
دۆلىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك ئون تۆتىنچى ئابزاستىن (كېيىن، جاۋخۇي ۋېنۋاڭنىڭ ... دېگەن يەردىن) ئون سەككىزىنچى ئابزاسقىچە (زىياپەت تۈگىمىگۈچە ... دېگەن يەرگىچە) بولغان بەش ئابزاسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بۆلەكتە چىن خاقانى جاۋ دۆلىتىنىڭ شىچېڭ دېگەن يېرىنى بېسىۋالغان، 20 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ئەھۋالدا، جاۋ خاقانىنى تاماشىغا چاقىرغانلىقىنى يازىدۇ. جاۋ خانى قورقۇپ بار-غىلى ئۇنىمىغاندا لىن شياڭرۇ بىلەن لەن پولار جاۋ خانىغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى داۋىلىق چۈشەندۈرۈپ، بېرىشقا كۆندۈرىدۇ. لەن پو بىلەن لىن شياڭرۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، جاۋ خاقانىنى بېرىش-قا كۆندۈرۈشى لەن پو بىلەن لىن شياڭرۇنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى كۆزلەشتە كۆز قاراشلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلا دۆلەتكە سادىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مېيەنچىدىكى زىياپەتتە چىن خاقانى جاۋ خانىنى ساز چېلىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ يۈرەكسىزلىك قىلىپ ساز چېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چىن ئەمەلدارى ئوردا تارى-خچىسىغا «جاۋ خانى چىن خاقانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن

ساز چالدى» دەپ يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ جاۋ دۆلىتى ۋە جاۋ خانىنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق ئىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان لىن شياگرۇ ئۆزدۆلىتى ۋە خانىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چىن خاقانىنى ناغرا چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، بىر داسنى تۇتۇپ ئالدىدا تۇرىدۇ. چىن خانى بۇھالدىن خاپا بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە لىن شياگرۇ ئۆزىنىڭ خېيىم خەتىرىگە پىسەنت قىلماستىن «ئەگەر چالمايدىغان بولسىلا مۇشۇ بەش قەدەم ئارىلىقتا ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قەتئىينەزەر ئۇستىلىرىگە قان چاچىمەن» دەپ چىن خانىنى قورقىتىپ، ناغرا چېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ نېمە دېگەن جاسارەت!؟ لىن شياگرۇ ۋەتەنىنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن قىيما - چىيما قىلىنىشتىن قورقماي، خانىنى ئاتتىن چۈشۈرەلەيدىغان قەيسەرلىك روھ بىلەن چىن خاقانىغا ئاخىر داسنى چالغۇزىدۇ.

ئەگەر لىن شياگرۇمۇ جاۋ خانىغا ئوخشاش يۇرەكسىزلىك قىلغان بولسا، ئۇلار دۇشمەن تەرىپىدىن ئاللىقاچان يىغىشتۇرۇۋېتىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ دۆلىتىمۇ مۇنقەرىز بولاتتى. بۇنداق پەيتتە لىن شياگرۇنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىشى بىر تەرەپتىن جاۋ خانىنىڭ چىن خانى بىلەن بولغان باراۋەرلىك ئورنىنى، ئىززەت - ئابرويىنى ساقلاپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مەملىكىتىنىڭ چىن مەملىكىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچ - قۇدرىتىنى، دۇشمەنلەرگە خالىغانچە بوزەك بولمايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

بۇ ئىشتا ئۇستۇنلۇكنى ئالالمىغان چىن خاقانىنىڭ ۋەزىرلىرى جاۋخانىغا چىن خانىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئون

بەش شەھەر تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لىن شياڭرۇمۇ
دەرھال جاۋ خاننى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىننىڭ پايتەختىنى
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، چىن دۆلىتىنى بېرىش
دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىنمۇ لىن شياڭرۇنىڭ ئەقىل - پارا-
سەتتە قانچىلىك دانالىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، چىن خانى زىياپەت تۈگىگۈچە زادى
ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالمايدۇ. لەن پۇ مۇداپىئەنى ياخشى
ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن ئارتۇقچە ھەرىكەتمۇ قىلالمايدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك ئون توققۇزىنچى ئابزاستىن (مىيەن-
چىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ... دېگەن يەردىن) ئەسەر-
نىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئاپتور ۋەزىر بىلەن
گېنېرالنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش
يولىدا ئىناق - ئىتتىپاق بولالىغانلىقىنىڭ ئاساسى سەۋە-
بى لىن شياڭرۇنىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويغان-
لىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جاۋخانى مىيەنچىدىكى زىياپەتتىن قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لىن شياڭرۇغا
ئوڭ قول ۋەزىرلىك ئەمەلىنى بېرىدۇ. بىراق بۇ ئەھۋال
لەن پۇنىڭ ھەسەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ:
«مەن ئۇرۇشتا نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئېلىپ خىزمەت كۆر-
سەتكەنمەن، لىن شياڭرۇ ئېغىزدا بىر ئاز خىزمەت كۆرسە-
تىپلا مېنىڭدىن چوڭراق مەنسەپكە ئىگە بولۇۋالسا بولام-
دۇ؟!» دېگەن خىياللاردا بولۇپ لىن شياڭرۇنىڭ غەيۋىتى-
نى ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشقا باشلايدۇ. لېكىن لىن شياڭرۇ
بۇ ئىش تۈپەيلى لەن پۇغا قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى
ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قېچىپ يۈرىدۇ. بۇ

ئەھۋالنى كۆرگەن لىن شياڭرۇنىڭ خىزمەتچىلىرى خاپا بولىدۇ. بىراق لىن شياڭرۇ ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، «مېنىڭ يول قويغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئاداۋىتىمنى ئېتىبارغا ئالماي، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى ئېتىۋارغا ئالغانلىقىمدۇر». «چىن خانى شۇنچە كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، مەن قورقماستىن، چىن مەملىكىتىنىڭ خان سارىيىدا ئۇنىڭغا دەككە بەردىم. ئۇنىڭ ۋەزىر ئەمەلدارلىرىنى ئەيىبلىدىم. مەن ھەر قانچە كارغا كەلمىسەممۇ لەن پۇ گېنېرالدىن قورقمايمەن» دەيدۇ. لىن شياڭرۇنىڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان بۇنداق ئالىيجاناب پەزىلىتى لەن پۇنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ لىن شياڭرۇنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت - ئابرويىدىن ئۈستۈن قويغان ئالىي پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ، خاتالىقىنى تونۇپ، لىن شياڭرۇنىڭ ئالدىغا ئەپۇ سوراپ كېلىدۇ.

بۇ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەردە ئاپتور ئۈچ كىچىك ۋەقە ئارقىلىق لىن شياڭرۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى ۋە مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرويىدىن، ھەتتاكى جېنىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ئەقىل پاراسەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر تەدبىرلىك، قورقماس دانا ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## 4. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) سى ماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرى ھەم تارىخنى چىنلىق بىلەن بايان قىلغان ھەم

بەدىئىي تىپىكلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە داڭلىق ئەسەر. سى ماچيەن تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغاندا بىر تەرەپتىن، تارىخىي رېئاللىقنى، تارىخىي پاكىتلارغا ئىنتايىن ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا، يەنە «گۈزەللىكلەرنى خىيالىيلاشتۇرۇۋەتمەي، چاكىنىلىقلارنى يوشۇرماي» يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ، ئەسىرىگە قويۇق بەدىئىي خۇسۇسىيەت بېرىپ، تىپىكلەشتۈرگەن. ئۇ قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممە ئىش-ھەرىكىتىنى يازماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نۇقتىلىق ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

2) بۇ تەرجىمىھالدا لىن شياڭرۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرسىتىشتە ھەممە خىزمەت ۋە تۆھپىلىرىنى تولۇق يازماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لىن شياڭرۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئەڭ روشەن، ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي ئەسەر خۇسۇسىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەسەردە يەنە پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى جانلىق، كۆركەم قىلىپ تەسۋىرلەپ، خاراكتېرلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، چىن مەملىكىتىنىڭ ۋەزىرلىرى: «بىزنىڭ چىن خانىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن جاۋ مەملىكىتىدىن ئون بەش شەھەر تەقدىم قىلىڭلار!» دېگەندە لىن شياڭرۇ: «جاۋ خانىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىن مەملىكىتىدىن شيەنياڭ (چىننىڭ پايتەختى) نى تەقدىم قىلىڭلار» دەيدۇ. چىن دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى تەلەپ قىلىش — چىن مەملىكىتىنى

تەلەپ قىلىش بىلەن تەڭ. لىن شياگرۇنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە سۆزىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ئەقىللىك ۋە دانالىقىنى، تېز پىكىرلىك تاكتىكىچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

بۇنىڭدىن تىل ۋە ھەرىكەت پېرسوناژلارنىڭ خاراك-تېر ئالاھىدىلىكلىرىگە قانچىلىك ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇڭا بۇ ئەسەر 2000 يىلدىن بۇيان كىشىلەر-نىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

3) ئاپتور كۆرۈنۈشتە «قوشما تەرجىمىھال» يازغان-دەك بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئەڭ زور قەلەم كۈچىنى لىن شياگرۇنى يېزىشقا سەرپ قىلىدۇ. بۇ يەردە لىن شياگرۇنى يالغۇز يازغان بولسا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى يارىتىپ بېرەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا لەن پۇنى قوشۇپ يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئاپتور بۇ ئىككى شەخسنىڭ خاراكتېرىنى بىر ئىش، بىر ۋەقە ئۈستىدە ئۆزئارا سېلىش-تۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى-نى ھەم ئورتاقلىقىنى رېئال چىنلىققا سادىق بولغان ھالدا ئىپادىلەپ، لەن پۇ ئارقىلىق لىن شياگرۇنى تېخى-مۇ گەۋدىلەندۈرگەن.

# «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش› كە كىرىش سۆز» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بۇ ماقالە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3 - تومىدىن ئېلىنغان بولۇپ، يولداش ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن 1941 - يىلى 3 - ئايدا «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلاپ يېزىلغان كىرىش سۆزدۇر.

«يېزىلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن بۇ كىتاب 1 - قېتىملىق ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە (1942 - يىلى) كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تارقىتىلغان. بۇ كىتابقا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 2 - قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە جياڭشى، فۇجيەن يېزىلىرىنى تەكشۈرۈپ يازغان بىر قانچە تەتقىقات ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

يولداش ماۋزېدۇڭ «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش› كە كىرىش سۆز» دېگەن بۇ ماقالىسىدە ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللارنى چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىدە

چىڭ تۇرۇش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ چاكىنا ئىستىللارنى ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ غەلىبىسىنى ئىلگىرىلىشىگە تېخىمۇ ئوبدان رەھبەرلىك قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 2. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

بۇ ئەسەر مۇھاكىمە قىلىنغان مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى بۆلەك ئەسەرنىڭ بىرىنچى ئابزىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ماۋزېدۇڭ ئاساسەن «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا سەل قارايدىغان چاكىنا رەھبەرلىك ئىستىللىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: خىزمەتكە ياخشى رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى داۋاملىق، ئەتراپلىق پۇختا ئېلىپ بېرىش كېرەك. «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدە ھەقىقىي، كونكرېت چۈشەنچە بولماي تۇرۇپ، ھەقىقىي ياخشى رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس». چۈنكى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن ئىنقىلابقا قارىغۇلارچە رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك خاتا ئىستىللارنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيەت-كە بىرلەشتۈرۈپ توغرا، جانلىق ئىجرا قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر...
بۇ تۈپ كاپالەت بىلەن ئالدىنقى شەرت ھازىرلانماي تۇرۇپ، ھەقىقىي ياخشى رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى بۆلەك ئىككىنچى ئابزاستىن تۆتىنچى ئابزاسقىچە بولغان ئۈچ ئابزاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئاپتور تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغاندا بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ۋە توغرا ئۇسۇلنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ھەقتە ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلىپ، «ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى — جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ جانلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىدۇ.

قانداق تەكشۈرۈش لازىم؟ پىلانلىق، تېپىك يوسۇندا تەكشۈرۈپ، ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ كۈرەش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى ھالەتلىرىنى ۋە كونكرېت ئىپادىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، توغرا، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش زۆرۈر.

تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ئوبدان ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

1) توغرا پوزىتسىيە بولۇش كېرەك. توغرا پوزىتسىيە دېگىنىمىز تولۇق قىزغىنلىق بىلەن دىققەت نەزەرنى تۆ-

ۋەنگە قارىتىپ، ھاكاۋۇرلۇقنى تاشلاپ، سەممىي، كەمتەر-لىك بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش؛ ئەمەلىيەت-تىن، ئاممىدىن ئۆگىنىشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىش دې-گەن سۆز.

2) ھەقىقىي ئىشەنچلىك، توغرا ئۇسۇل بولۇش كېرەك. ئىشەنچلىك توغرا ئۇسۇل دېگىنىمىز: يىراقنى ئىشەنچىدىن، گىدىيىپ ئاسمانغىلا قارىۋالماي تۆۋەنگە نەزەر سېلىش، ئىنچىكە، تەكشۈرۈش يىغىنلىرىنى ئېچىش دېگەن سۆز-دۇر. تۆۋەنگە نەزەر سېلىش ئارقىلىق «ھاكۋېقىپ يۈرۈش، مىش - مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ» لا بولدى قىلى-دىغان ناچار ئىستىلنى يېڭىش لازىم.

تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، يىغىنغا ھەر قاتلامدىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرنى يەنى ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارنى، لاۋبەيشىڭلارنى، كەمبەغەل شىۋە-سەي، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، غەللە - پاراق-چى، گوندىپاي قاتارلىقلارنى قاتناشتۇرۇپ، ئەھۋالنى بىرمۇ بىر سوراپ، تولۇق خاتىرىلەپ، مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ئىستىلىنى تىكلەش لازىم.

تەكشۈرۈش جەريانىنى تەتقىق قىلىش جەريانى قى-لىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىش جەريانى قىلىش كېرەك. مۇنداق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ مەسىلە ھەل قىلىش جەريانى ئاممىدىن ئۆگىنىش، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى جۇغلاش جەريانى بولىدۇ. شۇ-نىڭ ئۈچۈن ئاممىغا قارىتا ھۆرمەت بىلەن سەممىي مۇ-ئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن كەمتەر-

لىك بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىزمەتتە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بولمىسا، سېسىق كىبىرنى تاشلاپ شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولمىسا، بۇ ئىشنى چوقۇم قىلغىلى بولمايدۇ، قىلغاندىمۇ ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك بەشىنچى ئابزاستىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور بۇ بۆلەكتە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكرار ئەسكەرتىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئېتىبارسىز قارىغۇچىلارنى كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئومۇمەن ئېيتقاندا جۇڭگونىڭ گۆدەك بۇرژۇئازىيىسى ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ بۇرژۇئازىيىسى تەييارلىغىنىدەك بىز ئۈچۈن جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك، ھەتتا ئەڭ ئاددىي ماتېرىيالنىمۇ تەييارلاپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى ........ شۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلاش خىزمىتىنى ئۆزىمىز ئىشلىمەي» بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋالنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇشى لازىم. شۇڭا بارلىق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم. نەزەرىيىنى بىلىپ، ئەمەلىيەتنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بۇنداق تەكشۈرۈش بولۇپمۇ زۆرۈر. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق بىر داۋلىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ: «‹تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق›، دېگەن سۆزۈمنى بەزىلەر ‹تار تەجرىبىچىلىك› دەپ زاڭلىق قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ سۆزۈمگە ھازىرمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. پۇشايمان قىلىش ئۇياقتا

تۇرسۇن، بەلكى تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى يوقلىقىدا ھېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن.»

بۇ مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق يولداش ماۋزېدۇڭ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ يەنە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىدەك داۋلىنى چۈشەنمەيدىغان، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خاتا ئىستىللارنى تەنقىد قىلغاندا «ھارۋىدىن چۈشە ـ چۈشمەيلا ۋالاقلاپ سۆزلەپ كېتىدۇ، پىكىر بېرىدۇ، بۇنى تەنقىدلەيدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ، ھالبۇكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئونى بولسا، ئونى مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئۆگەنمەيدىغان، تەكەببۇر كىشىلەرنىڭ تۆرىچىلىك ئىستىلىنى ھەجۋى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆتمۈشتە ئۆتكەن «چىنچەي داچېن» لارغا ئوخشىتىدۇ ۋە تۆرىچىلىكنىڭ پارتىيىگە يەتكۈزىدىغان ئېغىر زىيىنىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ، ئۇنى دەرھال تۈگىتىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك ئەڭ ئاخىرقى ئابزاس بولۇپ، بۇ بۆلەكتە يولداش ماۋزېدۇڭ كۆپچىلىكنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيىدىكى بارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ........

### 3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

كىرىش سۆز مەلۇم كىتاب، مەلۇم ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش، ئىزاھلاش مەقسىتىدە يېزىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتاب-

خانلارغا مۇئەييەن كىتابنىڭ مەزمۇنى، قىممىتى، يېزىلىش ئەھۋالى، نەشر قىلىنىش مەقسىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈ-رۈپ، مەزكۇر ئەسەرگە قىزىقىش قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كىتاب ھەققىدىكى تونۇشىنى ۋە چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇ-رۇشقا ياردەم قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ئەسەر ئەنە شۇنداق كىرىش سۆز بولۇپ، ئاسا-سەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) كىتابخانلارغا يەتكۈزۈلمەكچى بولغان ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر باشتىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا سەۋەب، نە-تىجە باغلىنىشى بويىچە بىر - بىرىگە چېتىلغان قوشۇمچە نۇقتىئىنەزەرلەرنى شەرھلەش ئارقىلىق قەددەمۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تولۇق ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، بىرىنچى ئابزاستا ئالدى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتى سۆزلىنىپ، ئاندىن كۆز ئالدىدىكى يېڭى ۋەزىپىلەر تونۇش-تۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپىلەرنى ئۇتۇقلۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىملىقى، ئەھۋال-نى چۈشىنىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۆزلىنىپ، ئەھۋالنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ياخشى رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى كەسكىن ئوتتۇ-رىغا قويۇلغان.

ئىككىنچى ئابزاستا ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى «تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنى توغرا ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيە سۆزلەنگەن. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزى ئېلىپ بارغان «تەكشۈرۈش خىزمىتى» نىڭ ئەمەلىي تەج-رىبىلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، توغرا ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيە بول-

غاندىلا، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىك بولىدۇ دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى قايىل قىلارلىق شەرھلەپ بەرگەن.

ئۈچىنچى ئابزاستا نەشىر قىلىنغان كىتابچىدىن پايدىلىنىشتىكى مەقسەت «تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق» دېگەن ھۆكمى مۇھاكىمە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىنىپ ئۇ كىتابچىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ يېڭى سىياسەت، تاكتىكىلىرىنى بەلگىلەپ، ئىنقىلابىي ئىشقا غەلىبىلىك رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىلگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقىرىقى چۈشەنچىلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىشكە، ئاممىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

2) ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى پىششىقلانغان بولۇپ، ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەنىلىك، چۈشىنىشلىك تىللار ئارقىلىق ھەر بىر چۈشەنچە، خۇلاسە، ھۆكۈملەر قايىل قىلارلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: «تۆۋەنگە نەزەر سېلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاممىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاممىدىن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسا، «ھاڭۋېقىپ، مىش-مىش گەپ ـ سۆزلەر» دېيىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە چۆكمەيدىغان، ئىشىياقماس تۆرىچىلىك ئىستىللىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.........«قىزغىنلىق»، «تۆۋەنگە نەزەر سېلىش»، «بىلىم ئېلىش تەشنالىقى»، «شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى .........» قاتارلىق «تۆت مەسىلە» نى ئىنكار جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئەكس تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەستىقىي پىكىرنى ئىزاھلاپ، ئەسەر تىلىنىڭ

قايىل قىلىش كۆچىنى ئاشۇرغان.

3) ئەسەردە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر باشتىن - ئاياغ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى پوزىتسىيە، قارىمۇ قارشى كۆز قاراشلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن: «تۆۋەنگە نەزەر سېلىش» بىلەن «ھاڭۋېقىپ يۇرۇش»، «ئەھۋالنى چۈشىنىپ توغرا ھۆكۈم قىلىش» بىلەن «ھارۋىدىن چۈشە - چۈشمەيلا ۋالاقلاپ سۆزلەش»، كەمتەر شاگىرتلىق بىلەن «چىنچەي داچېن» لاردەك تۆرىچىلىك ئىستىللىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەك ئاخىردا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت تۈپ نۇقتىئىنەزەر تېخىمۇ قايىل قىلارلىق شەرھلىنىپ، ھەممە كىشى سەپەرۋەرلىككە كېلىشكە چاقىرىلغان.

# «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»
# توغرىسىدا تەھلىل

دەرسلىك كىتابقا تاللىۋېلىنغان بۇ پارچە لۇشۈننىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ 7 ـ ، 8 ـ قىسىملىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئاساسەن ئا Q نىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ ئىنقىلابقا قاتناشماقچى بولغانلىقى، بىراق ئۇ نادان بولغاچقا ئىنقىلابنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، ئىنقىلابقا قاتنىشالمىغانلىقى، فېئودال ئەكسىيەتچىلەر پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئۆزلىرىنى «ئىنقىلابچى» قىلىپ پەردازلاپ، ئىنقىلابتىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئەمەل تۇتۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن. بىز تۆۋەندە يۇقىرىدىكى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئا Q ئوبرازىنى بىرنەچچە نۇقتىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

1. ئا Q نېمە ئۈچۈن ئىنقىلابقا قاتناشماقچى بولىدۇ؟

ئا Q ئەسلىدە ئىش ـ ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق، نامرات ياللانما ئەمگەكچى. ئۇ ۋېيجۇاڭدىكى جاۋ بېگىم، ئەجنەبىي شەيتان قاتارلىقلارنىڭ ئومىسىنى ئوروپ، شىبىلىنى ئاقلاپ، قولۋاقلىرىنى ھەيدەپ، كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئۇلاردىن ئالغان ئەرزىمىگەن تۆۋەن ئىش ھەققىگە تايىنىپ ئاران ـ ئاران قورسىقىنى باقىدۇ، تۇرار

جايمۇ يوق بولۇپ، بۇتخانىدا يېتىپ قوپىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇلار ئا Q نى ئىت - ئېشەكنىڭ قاتارىدا پەس
كۆرۈپ دۇمبالايدۇ. دېمەك ئۇ فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھ-
شەتلىك بوزەك قىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان-
لىقتىن، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ. شۇڭ-
لاشقا ئۇ ئىنقىلاب بورىنى ۋېيجۇاڭغا يېتىپ كېلىپ، شە-
ھەر - بازارلاردىكى چوڭ - كىچىك لويىلار مال - مۈ-
لۈكلىرىنى يۆتكەپ قېچىشقا ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆر-
گەندە، ئۇلاردىن ئەنتىنى ئالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتى-
دۇ. ئىنقىلاب يېتىپ كېلىشى بىلەن جاۋ بېگىملەرنىڭ
ئا Q غا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۇنى «ھۆرمەتلىك
Q»، «بۇرادەر Q» دېگەن ھۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتاي-
دۇ. بۇ ھالدىن ئا Q ئىنقىلابنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن پايدى-
لىق ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قىن -
قىنىغا پاتماي ئىنقىلابقا زوقلىنىپ، «ئىنقىلاب بولسا بول-
سۇن»، «بۇ ئاناڭنى ... لارنىڭ جېنىنى ئالسۇن، بۇلار
تولىمۇ يامان، قورۇپ كەتسۇن، مەن ئۆزۈممۇ ئىنقىلابچى-
لارغا قوشۇلۇپ كېتەيچۇ...» دەپ ئويلايدۇ. مانا بۇ ئا-
Q نىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى. بىراق ئا Q
ئىنقىلابنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ
ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئەجنەبىي شەيتان، جاۋ بېگىم قاتار-
لىقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ساندۇقلاردىكى ئالتۇن، كۈ-
مۈش، نىڭبۇدا ياسالغان كارىۋاتنى قولغا كەلتۈرسەملا بول-
دى، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىنقىلابنىڭ جەمئىيەتتە ۋە ئۆز
تۇرمۇشىدا قانچىلىك ئۆزگىرىش قىلىشى لازىملىقىنى ئوي-
لاپمۇ قويمايدۇ. يازغۇچى مەسىلىنى مۇشۇنداق قويۇش

ئارقىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگودا ئەڭ كۆپ سانـ
نى ئىگىلىگەن ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلىمىگەن، ئويغاتمىـ
غان،قوزغىمىغان تۈپ خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلاپ،جۇڭگو ئىنقىـ
لابى ئەڭ كۆپ ساندىكى ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ،
ئويغىتىپ، سەپكە تۇرغۇزغاندىلا غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن
بېشارەت بېرىدۇ.

ئاQنىڭ ئىنقىلابنى چۈشىنەلمەسلىكىدەك بۇ ئاساـ
سى ئاجىزلىقى ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرـ
سىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاQدەك جۇڭگو ئەمگەكچىلىرى
ئويغىتىلسا، ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلاب مەنـ
پەئىتى بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ
پەتسە، ئۇلار قوزغىلىپ، ئىنقىلابنىڭ ئاساسى كۈچىگە ئايـ
لىنىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق شىنخەي ئىنقىلاـ
بىدىن ئىبارەت بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇ تۈپ مەسىلىنى ھەل
قىلالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ ئىنقىلابقا قاتنىششقا رۇخـ
سەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان «ئەجنەبىي
شەيتان» دىن سوراپ بارىدۇ. «ئەجنەبىي شەيتان» رۇخـ
سەت قىلمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلـ
مەيدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن كۈتكەن پۈـ
تۈن ئارزۇ ئۈمىدلىرى تۈتۈندەك توزۇپ كېتىدۇ. نەتىـ
جىدە بۇ ئىشتىن ھېچ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن
«ئەجنەبىي شەيتان» نى ئەپسانە تىللار بىلەن ئۆز ئىـ
چىدە تىللىۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ ۋە تەسەللى
تاپىدۇ.

2. ئاQ قانداق ئوبراز، لۇشۈن بۇ ئوبرازنى نېمە
ئۈچۈن ياراتقان؟

بۇ مەسىلە لۇشۇننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمە-
ھالى» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىر-
غىچە ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە.
بولۇپمۇ ئاQدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىگە باھا
بېرىش جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم
تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

ئاQ مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە سەرگەردان كۈن-
لۈكچىلەرنىڭ ئوبرازى. بۇنداق ئوبرازنى يارىتىشتىن مەق-
سەت لۇشۇننىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مۇشۇنداق
سۈكۈت قىلىدىغان مىللىي روھنى سۈرەتلەش»، «مىللىي
زەئىپلىكنى ئاشكارىلاش» تىن ئىبارەت. ئاQ يەنە بىر
تەرەپتىن يالىلانما ئەمگەكچى، جەمئىيەتتە خورلانغان،
دەپسەندە قىلىنغان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشقا ئىنتىلى-
شى ئۆزىنىڭ خورلانغان ھاياتى ئۈچۈن چىقىش يول
ئىزدەشتىن بولغان. ئاQنىڭ بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى-
يىۋى ھېسسىياتى كىشىنى تولىمۇ خەيرخاھلىق ئىدىيىسى-
گە كەلتۈرىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن
ئىجتىمائىي ئورنى ۋە نادان ئىدىيىۋى ئېڭى بىلەن كى-
چىككىنە بولسىمۇ يورۇقلۇقنى ئىزدەش روھىغا خەيرخاھ-
لىق بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. يەنە بىر
تەرەپتىن ئاپتور ئاQنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. چۈنكى
ئۇ قالاق ئاڭ سېزىمىغا ئىگە، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسەت-
لىرىنى چۈشەنمەيدىغان، خەقنىڭ بوزەك قىلىشلىرىغا سۈ-
كۈت قىلىپ تورۇشنى ئار كۆرمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۆز مەغلۇبىيىتىنى تېز ئۇنتۇيدىغان روھىي غالىبىيەتچى-

لىك كېسىلىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان ئادەم. ئاQنىڭ
بۇخىل خاراكتېرى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى جۇڭگو-
نىڭ ئىچكى - تاشقى ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەبىئىي
نەتىجىسى ئىدى. جۇڭگولۇقلاردىكى بۇ خىل زەئىپلىكنى
ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جۇڭگودا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ مەي-
دانغا كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن
ئىنتايىن ھەسرەتلىنىپ، بۇ زەئىپلىكنى كىتابخانلارنى يىر-
گەندۈرگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئاشكارىلاپ بېرىش ئۈ-
چۈن ئاQدىن ئىبارەت مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە مۇ-
شۇنداق ئوبرازنى ياراتقان.

ئاQنىڭ بىر تەرەپتىن ئىنقىلابقا ۋە ئىنقىلابچىلارغا
«زوقلىنىشى»، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابقا قاتنىشىشتا
«ئەجنەبىي شەيتان» دىن رۇخسەت سورىشى،
ئۇ رۇخسەت قىلمىغاندا ئىنقىلابقا قاتنىشالمىغان-
لىقى، ئاخىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئىنقى-
لابنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشى دەل فېئوداللىق زە-
ھەرلەر بىلەن زەھەرلەنگەن قالاق، نادان، روھىي غالى-
بىيەتچىلىك قاتارلىق تۈرلۈك زەربىلەردىن جاراھەتلەنگەن
كۆڭلىگە تەسەللى تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ قۇتۇلغىلى بول-
مايدىغان ئورتاق تەقدىرى. شۇنداقلا «جەمئىيەتنى يېڭى-
لايمىز» دەپ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان بۇرژۇئازىيە سى-
نىپىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ مالىمي زە-
ئىپلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQدىكى يۇقىرى-
قىدەك زەئىپلىكنى پاش قىلىش، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن مىل-
لەتتە ئومۇميۈزلۈك ھالدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان زەئىپلىكنى

كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئاQدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي تىپتا مۇشۇنداق زەئىپلىك مەۋجۇت ئىكەن، شۇنداقلا ئۇ ئىنقىلابقا زوقلىنىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى تەربىيىلەپ، ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋاركۈچىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر. بۇنىڭسىز ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ ئاپتورنىڭ ئاQ دەك مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازنى يارىتىپ، كىتابخانلار ئالدىغا قويغان تۈپ خاھىشى ئەنە شۇ.

لۇشۈن ئۆزىنىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرىدە پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرىنى ئالغان مۇشۇنداق چوڭ ۋە ئومۇمىي بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا چارە ئىزدىگەن. بۇ مەسىلىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئويغىتىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابلا ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل چارە بولدى.

3. لۇشۈننىڭ ئاQنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ماھارىتى.

1) ئاپتور ئاQنىڭ خاراكتېرىنى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئاQ بىلەن جاۋ بېگىم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئاQنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. جاۋ بېگىم ئىش بولغاندا ئاQنى ئىشلىتىدۇ، ئىش بولمىغاندا ئۇنى كېرەكمۇ قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا قاتتىق جازالايدۇ.

ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە يارىغۇچىلىكى بولمىغان ئەسكى چاپىنىنىمۇ كىيىن تۇغۇلىدىغان ئوغلىغا يۆگەك قىلىش ئۈچۈن تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دور-غىنى ئەۋەتىپ «بەش شەرت» بويىچە تۆلەم تۆلىتىدۇ. بۇ ئىشلار تۇيۇقسىزلا گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ Qئاغا قاتتىق جەبىر-زۇلۇم چېكىپ خورلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن بۇ زەربىلەرنى «ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان قىم-مەتلىك مىراس — ‹ئۇنتۇش› نى يەنە كۈچ قىلىپ»، تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئاپتور Qئاغا نى تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ ئىككى خىل پائالىيىتىنى چىڭ تۇتىدۇ. بىرىنچى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى، ئىككىنچى، ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى. ئاپتور ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، Qئاغا نىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان جاۋ بېگىم، «ئەجنەبىي شەيتان» قاتارلىق كۈچلۈكلەر ئالدىدىكى قۇللارچە تىز پۈكۈشى بىلەن ئاجىزلار ئالدىدىكى ئۆكتەملىكىنىمۇ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: شياۋدى ۋە كىچىك بۈۋى، ساقاللىق ۋاڭ قاتارلىقلارغا مۇئامىلە قىلغاندا Qئاغا باشقىلار ئۆزىگە قىلغان ئۆكتەملىكىنى ئىشلىتىپ، باشقىلاردىن ئالالمىغان ئەنتىنى ئۇلاردىن ئېلىش ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسەللى تاپىدۇ.

ئاپتور Qئاغا نىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىر-لىگەندە نۇقتىلىق ھالدا ئۇنىڭ ئىنقىلاب ھەققىدىكى چۈ-شەنچىلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «مانا قى-زىقچىلىق!... ۋېيجۇاڭنىڭ ھەممە ئەر ۋە ئاياللىرى تىز

پۇكۇپ، «ئاQ، رەھىم قىل!» دەپ ۋارقىرايدۇ. لېكىن كىم ئۇلارنى تىڭشىسۇن! ئەڭ ئالىدى بىلەن شىياۋ دى بىلەن جاۋ بېگىم ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شيۇسەي ۋە «ئەجنەبىي شەيتان» ... بەلكى بىرەرنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەكتۇر؟ ساقاللىق ۋاڭنى قالدۇرسىمۇ بولىدىغۇ دەيمەن. لېكىن ئۇنىمۇ ئاياشنىڭ ھاجىتى يوق... نەرسىلەرنى قولغا قانداق چۈشۈرۈش كېرەك؟ توغرا، بېرىپ ساندۇقلارنى ئېچىش كېرەك! ... يامبۇ، تەڭگە، شايى كۆڭلەك... ئالدى بىلەن شيۇسەينىڭ ئايالىنىڭ نىڭبۇدا ياسالغان ناھايىتى ياخشى كارىۋىتىنى ئىبادەتخانىغا ئەكىلىۋېلىش كېرەك ... ھەممىنى شياۋ دى ئۆزى توشىسۇن. توشىغاندا تېتىكرەك ماڭسۇن. ئەگەر دېگەندەك ئىشلىمەيدىغان بولسا، كاچىتىغا بىرنى سېلىش كېرەك...»، «جاۋسىچېننىڭ سىڭلىسى ناھايىتى سەت ... زۇچى ئايىمىنىڭ قىزى ... چوڭ بولسۇن، شۇ چاغدا گەپلىشەرمىز!»، «ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئايالى چاچسىز ئەرلەر بىلەن ئويناپدۇ... تۈفى، ئىپلاس! شيۇسەينىڭ ئايالىنىڭ كۆزىدە ئېقى بار... ئۇمۇ ئۆزۈن بولدى، كۆرۈنمەيدۇ؛ ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكى بەلگىسىز ... لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يوغانلىقى يامان...»

ئاپتور بۇ بىر قاتار ئىچكى كەچۈرمىلەر ئارقىلىق ئاQنىڭ ئىنقىلابقا بولغان چۈشەنچىسىنى، ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتىشتىكى شېرىن ئارزۇلىرىنى مانا شۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئاجىزلىقىنى — خەلق ئاممىسىنى ئويغىتالمىغانلىقىنى چوڭ-

قۇر كىنايە ئاستىغا ئالىدۇ. شۇنداقلا ئاQنىڭ مۇرەككەپ
خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاQ سىنىپىي ئورنى جە-
ھەتتىن ياللانما ئەمگەكچى، نېمە ئىش توغرا كەلسە شۇ-
نى ئىشلەيدىغان، ياتار ئورنىمۇ يوق سەرگەردان. ئۇ باش-
قىلارنىڭ ئېغىر ھاقارىتى، رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە
ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بو-
لۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يېڭى
«ھۆكۈمران» بولۇشنى، باي، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كە-
چۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ فېئودالىزمنىڭ ئۇنىڭدىكى زە-
ھىرى. لۇشۈن ئاQنى مانا شۇنداق زىددىيەتلىك ھەرىكەت
ۋە ئىدىيىۋى ھالەت ئىچىدە تەسۋىرلەپ، بىر تەرەپتىن
ئۇنىڭ ياللانما ئەمگەكچىلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تە-
رەپتىن فېئوداللىق جەمئىيەت تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن
خاراكتېرىنى يەنى كۈچلۈكلەر ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈ-
كۈش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، مەغلۇبىيەتنى ھار ئال-
ماسلىق — روھىي غالىبىيەتچىلىك، ئاتا - بوۋىسىنى
شىپى كەلتۈرۈپ كۆڭلىگە تەسەللى تېپىش، ئۆزىدە بول-
مىغان ھەم بولمايدىغان نەرسىلەر ھەققىدە خام خىيال
قىلىپ ئۆزىنى بەزلەش، دوست - دۈشمەننى ئايرىۋالال-
ماسلىق، ئۆزى بىلەن بىر قاتاردىكىلەرگە ھەسەت قىلىش،
ھەر قانداق يېڭىلىققا ھاقارەت بىلەن قاراشنى ئۆز ئە-
قىدىسىگە سادىقلىق دەپ پەردازلاش قاتارلىق ئىللەتلەر-
نى، قىسقىسى پۈتۈن فېئوداللىق جەمئىيەت سىڭدۈرگەن
يارىماسلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىدۇ. بۇ
خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك، يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىشى-
لەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر قىلىپ يۇغۇرۇپ تىپ

يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاQ ئوبرازىنىڭ بۇ خىل مۇرەك-
كەپ خاراكتېرى يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە
جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىد-
چى گاۋيىخەن مۇنداق دەپ باھالىغانىدى: «... ئاQنىڭ
رەسمىي تەرجىمىھالى، دېگەن پوۋېست گېزىتنىڭ بۇ سانى-
دىن ئۇ سانىغا داۋام ئەتتۈرۈلۈپ بېسىلىشقا باشلىغانىدا،
كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى قىسمى چىقىپ
قالمىسىدى، دەپ قورقۇشاتتى ۋە تەشۋىشلىنەتتى، ئۇلار،...
بىزگىمۇ نۆۋەت كېلىپ، مەسخىرە نىشانى بولۇپ قال-
مىساق بولاتتىغۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى ... شۇ ۋاقىتتىن
باشلاپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە شۇبھە زەھىرى
قوندى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاQ ئوبرازىدا ئۆزلىرىنىڭ
قىياپىتىنى، ئۆز ھاراملىقلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆردى.»

2) ئەسەرگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن تەپسىلات، سو-
رۇن، كۆرۈنۈشلەر ئىنتايىن چىن، يارقىن ھەجۋى ۋە
كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەينى ۋاقىت-
تىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئېتىقاد - چۈ-
شەنچىلىرى، مىجەز - خۇلقى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئىن-
تايىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن، بولۇپمۇ ئاساسىي ئوب-
راز ئاQنىڭ خاراكتېرىنى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىپادىلەپ بەر-
گەن. مەسىلەن: ئاQ «— ئىسيان كۆتۈردۈمەن! ئىسيان!...
دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ۋېيجۇاڭلىقلار قورققان، چۆچۈگەن ھالدا
ئۇنىڭغا قارايتتى. مۇنداق بىچارە كۆزلەرنى ئاQ ھېچقاچان
كۆرگەن ئەمەس، ئەمدى شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، گويا
6 - ئاينىڭ تومۇزىدا بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك بولدى. ئۇ
ناھايىتى ياخشى كەيپىيات بىلەن كوچىدا كېتىپ بېرىپ:

— ياخشى! نېمىنى خالىسام شۇ بولىدۇ! كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالسام شۇ مېنىڭ بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ يۈردى».

مانا بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىكى بىر كۆرۈنۈشتىن ئاQ نىڭ ئۆتكۈر ھەجۋى قەلەم ئارقىلىق يارىتىلغان روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز.

3) ئەسەرنىڭ تىلى ئىنتايىن ئۆتكۈر ھەجۋىلىككە ۋە كىنايىلىككە ئىگە بولغان، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى، پسىخىك ھالەت، ئىش، ھەرىكەت تەسۋىرلىرى ۋە دىئالوگلىرى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ماسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «جاۋ بېگىم ئاQ دىن مۇسادىرە قىلىۋالغان كۆينىكىنى كىچىك خېنىمنىڭ 8 - ئايدا تۇغۇلىدىغان ئوغلى ئۈچۈن زاكا قىلىپ، قالغان - قاتقىنىنى بېشىغا دەرت كەلگەن ئۇما خەيگە چەم قىلىۋالدى» دېگەن تەسۋىرنىڭ تىلى ناھايىتى ئۆتكۈر ھەجۋىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاچكۆز پومېشچىك جاۋنىڭ باشقىلارنى بۇلاپ - تالاشتا قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. يەنە بىر مىسال: «خۇسۇسەن ئۇنىڭ بېشىدا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قالغان تەمرەتكىنىڭ تاتۇقلىرى بار ئىدي. ئاQ نىڭ ئويىچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ تازلىق ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ياراشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ‹تاز›ياكى شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەردىن خۇدۈك ئالاتتى. ئاQ بارغانسېرى ‹پاينەك› ۋە ‹ئايدىڭ› ھەتتا ‹چىراغ› ۋە ‹شام› دېگەن سۆزلەردىنمۇ خۇدۈك ئالىدىغان بولدى» ... مانا بۇ پورترېت تەسۋىرى ئاQنىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتى زىچ ماسلاشتۇرۇلغان...

# «كونا چىقىش شامىلى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. شائىر ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان، يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ۋە ئاتاقلىق مۇھەررىر ئەنۋەر ناسىرى (مەخپىر ئوغلى) 1914 - يىلى غۇلجىدا تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. 15يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ئاشپۇزۇللاردا ئوت قالاپ، يېزا - سەھرالارغا چىقىپ ئومىچىلىق قىلىپ ئىگە بولغان ئاز - تولا كىرىمى بىلەن ئائىلىسىگە قارىشىپ يۈرۈپ، جاپالىق ھايات ئۆتكۈزگەن.

ئەنۋەر ناسىرى 1934 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غۇلجىدا نەشر قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدە ھەرپ تىزغۇچى، 1936 - يىلدىن باشلاپ كوررېكتور، 1937 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەنۋەر ناسىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ ئاساسەن گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا باشلانغان. ئۇ مۇھەررىر بولغاندىن كېيىن گېزىتخانا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان ياش ئاپ-

تورلارنى تەربىيلەش، ئۆستۈرۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ ھەقتە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مۇنداق بىر ئەسلىمىسىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر: «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەن قەلەم ئىگىسى قىلىپ چىقاردى.»

ئەنۋەر ناسىرى ياش ۋاقتىدىلا جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتا، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىدە دائىم يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن قىينىلىپ ياشىغاچقا، ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالىنىشقا ئىقتىسادى ياربەرمىگەنلىكتىن ئۇزۇن يىل ئاغرىپ يۈرۈپ، 1945 - يىلى 1 - ئايدا ۋاپات بولدى.

شائىر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۈچلۈك ئىنقىلابىيلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بولغان لىرىك شېئىرلىرى ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرىنى، ئۇزۇن يىللىق فېئودالىق تۈزۈمنىڭ خەلق ئۈستىگە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرىنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ تاشلىدى ۋە ئەيىبلىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، خانىۋەيران بولۇۋاتقان ئەمگەكچى خەلققە چىن يۈرىكىدىن ھېسداشلىق قىلدى.

شائىرنىڭ «كۈن چىقىش شامىلى» شېئىرى 1938 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلغان بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. شېئىرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

شائىر شېئىرىدا ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى قىيىن شارائىتنى تېما قىلىش ئارقىلىق ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئازادلىقى ئۈچۈن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە بولغان تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 3. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى بۆلەك شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىن «خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن ...» دېگەن مىسراغىچە بولۇپ، شائىر بۇ بۆلەكتە كۆن چىقىش شامىلىغا خىتاب قىلىپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەھشەتلىك خەۋەردىن كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇپ، چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

تاجاۋۇزغا نەپرەت ئېيتقان،
مىليونلارنىڭ زارلىنىشىدىن.
ياش گۆدەكلەرنىڭ تەمتىرىشىدىن
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن.

ياپونلارنىڭ بومبا - توپىدىن،
ھېسابسىز خەلقنىڭ كۆمۈلگىنىدىن،
چىرايلىق بىنالارنىڭ،
مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ
بىتچىت بولۇپ ئۆرتەنگىنىدىن
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن.

شائىرنىڭ قايغۇ - مۇڭغا چۆكۈپ، كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ياپون فاشىستلىرىنىڭ بىگۇناھ ئاممىنى تىرىك كۆمگەنلىكى، مىليونلىغان نارەسىدىلەرنى ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىپ تەمتىرەتكەنلىكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەمگەكچى خەلق قان - تەرى بىلەن بىنا قىلغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. بۇ پەقەت ئېچىنىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشى ئۈستىدىن قىلىنغان كۈچلۈك شىكايەتتۇر.

ئىككىنچى بۆلەك «ئۆتۈپ بارغان خەۋەرچى شامال» دېگەن يەردىن «باتۇرلارغا بىزدىن سالام دە» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، شائىر شېئىرىنىڭ بۇ قىسمىدا يالغۇز ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان ئېچىنىش، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرەتنى بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ۋەتەننى باسقۇنچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارغا سالام يوللايدۇ. شائىر بۇ بۆلەكتە ئالدى بىلەن ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپ،

ئاندىن ئارقا سەپتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى تىرىشچانلىق بىلەن
ئورۇنداپ، زىچ ئىتتىپاقلىق بىلەن ئارقا سەپنى مۇستەھ-
كەملەۋاتقانلىقىنى، ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئۈز-
لۈكسىز قامداپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، «ئىشتا بىرلىك -
سەپتە بىرلىك»، «تۆمۈر ئىنتىزام، ئۇلۇغ ھىممەت»، بەر-
پا قىلىش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپنى قوللاپ - قۇۋۋەتلە-
ۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شائىر ئۇلۇغ بىرلىك، تۆمۈر-
دەك ئىنتىزام ئارقىلىق پەيدا بولغان ئۇلۇغ كۈچنى ئۆز
سالمىنىڭ جەڭگىۋار مەزمۇنى قىلىدۇ. شائىرنىڭ يالقۇنلۇق
سالىمى ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە مەدەت، ئارقا سەپتىكىلەرگە
سەپەرۋەرلىك بەخش ئېتىدىغان سالام بولۇپ، ئىنقىلاب
غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىن-
قىلابىنىڭ غەلىبىسى تۆمۈردەك ئىنتىزام ئاستىدا كەڭ بىر-
لىكسەپ بەرپا قىلىپ، قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلغان ۋاق-
تىدىلا قولغا كېلىدۇ. ئارقا سەپتىكى شىنجاڭ ھەر مىل-
لەت خەلقىمۇ مانا مۇشۇنداق توغرا چۈشەنچە ئاساسىدا
ئىتتىپاقلىشىپ، ئالدىنقى سەپكە مەدەت بەرمەكتە. مانا بۇ
خۇلاسىلەر شائىرنىڭ شېئىرىدا يارىتىلغان لىرىك ئوبراز-
نىڭ خىتابلىرىدا ھەيۋەتلىك جاراڭلايدۇ.

سالام ئۇرۇشنىڭ قانلىق سېپىدە
كۆكرەك كېرىپ ماڭغان ئالدىغا،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلىغا!
قانلىق تۇغنى تۇتۇپ قولىدا

هەر قەدەمدە ئۈستۈنلۈك ئالغان،
قەھرىمان سىنىپداش جەڭچى دوستۇمغا!

دېمەك ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا ئوتلۇق مۇھەببىتى يوللىنىۋاتقان بۇ سالام شائىرنىڭ قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتقان جەڭچىلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن پەيدا بولغان. شۇنىڭدەك بۇ سالام شائىرنىڭ يەككە مۇھەببىتىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مېھىر-مۇھەببىتى، ئورتاق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئالدىنقى سەپكە يوللىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەتلىرىنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر.

ئۈچىنچى بۆلەك «ئېيتقىن دوستۇمغا» دېگەن يەردىن شېئىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، شائىر بۇ بۆلەكتە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەقدىرى، جۈملىدىن ئالدىنقى سەپتە قانلىق كۆرەشلەرنى ئۆز ئېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان خەلق ئاممىسى ۋە ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئېيتقىن دوستۇمغا
بىز بارىمىز سەپەرۋەرلىككە.
ئالدىغا چۈشۈپ،
جەڭدە باتۇرلۇق قىلىپ،
تۆكۈلگەن قانلاردىن توپ، بومبا ياساپ،
دۈشمەن سېپىنى تار - مار قىلىشقا.

شائىر شېئىرىنىڭ بۇ بۆلىكىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقى سەپكە يالغۇز ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىپلا قالماستىن، زۆرۈر تېپىلغاندا قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ، دۈشمەن سېپىنى تارمار قىلىشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ.

شائىرنىڭ ئىنقىلابىي ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك جاكاسى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى، ئورتاق كۈرەش ئىرادىسىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىدى.

ئومۇمەن شائىر بۇ شېئىرىدا ياپون جاھانگىرلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىۋاتقان ئالدىنقى ۋە ئارقا سەپتىكى قەھرىمانلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە تۇتقان مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەلىبە ئاخىر جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن كۈيلەيدۇ.

### 4. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) چاچما (ئەركىن) شېئىر شەكلى بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ساپ، چىن ۋە جۇشقۇنلۇق لىرىكا ئۈستىدە سۆزلەش كېرەك.

شېئىردىكى ھېس - تۇيغۇ گاھىدا تىنچ ئېقىۋاتقان

سۇدەك بىر خىل مۇڭنى ئىپادىلىسە، گاھىدا ئۆركەشلىك دەريالار مەۋج ئۇرۇپ قىرغاقلاردىن تېشىۋاتقاندەك غەزەپ نەپرەت ۋە غەيرەت - جاسارەتنى ئىپادىلەيدۇ. گاھىدا سالماقلىق، پۇختا، جەڭگىۋار كۈچ - قۇدرەتنى ئىپادىلىسە، گاھىدا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە شېئىردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىيات قايغۇ - مۇڭدىن غەزەپ - نەپرەتكە، غەزەپ - نەپرەتتىن كۈرەش قىلىشقا بولغان غەيرەت - جاسارەت، ئىرادىگە، ئاخىرىدا دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىپ، ئازادلىق تېگىنى كۆتۈۋېلىشتەك ئۈمىد - ئىشەنچكە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

2) شېئىرنىڭ تىلى ئاددى، چۈشىنىشلىك، جانلىق بولۇپ، تەسۋىرلەنگەن شەيئى، ھادىسىلەر، ۋەقەلەر، ھېس-تۇيغۇلار ستىلىستىك ۋاسىتىلەرئارقىلىق كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «شارقىراپ ئاققان قانلىرى»، «تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرى»، «زارلىنىش»، «ئۆرتىنىش» قاتارلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىكى سۈپەتلەشلەر، ھەرىكەتنامىلىرى ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كونكرېت، جانلىق ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. «دۈشمەن ئوقىغا ئۇچۇپ يىقىلغان»، «قىزىل قېنىنى ھەريانغا چاچقان»، «مۇدۈرۈلۈپ قوپۇپ»، «ئالغا ئاتىلغان»، «شەپكىسى قولىدا ‹ھۇررا› توۋلىغان» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى سۈپەتلەشلەر جەڭ مەيدانلىرىدا كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ قانداق ھالەتتە كۈرەش قىلىپ، قانداق قىياپەتلەردە ئالغا ئىل-

گىرىلەۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنى شۇ جەڭ مەيدانىنى كۆرۈۋاتقاندەك كونكرېت سېزىمگە ئىگە قىلغان. ئۇندىن باشقا شېئىردا رىتورىك خىتاب ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ، شائىر شامالغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر، راۋان ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. شائىر ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئۇيغۇر 1900 - يىلى تۇرپاننىڭ يېڭىشەھەر دېگەن يېرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، ئاندىن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. دادىسى سودىگەر كىشى بولغاچقا، ئۇنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا شەرقىي ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرگىچە بىر قانچە قېتىم بىللە ئېلىپ بارغان. مۇشۇ ۋاقىتتا شائىر روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىدە بىر يىلدىن ئوشۇق تۇرۇپ، رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ شائىر ياشلىق قىرانىغا يەتكۈچە ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس ۋە موڭغۇل تىللىرىنى ئىگىلەپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتى بويىچە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان مەرىپەت ئىگىسىگە ئايلانغان.

شائىر ياشىغان دەۋردە شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى ياخشىلاش جەھەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي چارىلەرنى قوللانماستىن، ئەكسىچە ھەر مىللەت ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى

ۋە دىنىي روھانىيلارنى سىتتۇپلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۈستىدىن دەھشەتلىك سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزدى. خەلقنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى نادانلىقى ھەمدە خەلقنىڭ ئېڭىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇراپاتچىلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق تارىخىي شارائىتتا ياشىدى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن ئىبارەت ئىككى تاغ ئاستىدا يانچىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق شائىرنىڭ ئىجادىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتى. شائىر يالقۇنلۇق ئىستەك ۋە چوڭقۇر ھېس - ھاياجىنى بىلەن سۇغىرىلغان شېئىرلىرىدا خەلقنى ئويغىنىشقا، ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، خۇراپاتلىقنى تاشلاپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنى ئىگىلەپ، تەرەققىي تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا چاقىردى. زالىم ھۆكۈمرانلارنى، مۇتەئەسسىپ، ساتقىن روھانىيلارنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىغا، تارىخىي تەقدىرىگە چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن چىقىش يول ئىزلىدى.

20 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جىڭ شۇرېن سىياسىي - ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋالدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا خەلقنىڭ ئۈستىدىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم

ھەسسىلەپ ئېغىرلىشىپ كەتتى، جىڭ شۇرېننىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. قۇمۇلدا جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپاندىمۇ خەلق قوزغىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ باتۇر، ئاڭلىق كىشىلەردىن ئون يەتتە كىشىلىك «ئىنقىلابىي ھەيئەت» تەشكىللەپ، بۇ ھەيئەت ئارقىلىق خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە مىللىي خائىنلارنىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي قوماندان جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شېڭ شىسەي ئون يەتتە كىشىنى تېزدىن تۇتقۇن قىلىپ، تۆۋرۈكلەرگە چەمبەرچاس باغلاپ، قىلىچ بىلەن چاپتۇرۇپ ئۆلتۈردى. شائىر ئۆلۈمى ئالدىدا تەمكىنلىك بىلەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇتۇق سۆزلەپ، ئەكسىيەتچىلەرنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. خەلقنى زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىردى. بۇ كۈن — 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بولۇپ، شائىر ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەنىدى. شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق شېئىرى شېڭ شىسەي دەۋرىدە يېزىلغان.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

شائىر بۇ شېئىردا مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئىنتايىن رەزىل ئىككى قوللۇق سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى كەسكىن پاش قىلىپ، زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى، خەلقنى ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ئۆزۈلمەس ئۈمىد» دەل شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىققا بولغان ئۈمىدى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ئازادلىققا بولغان كۈچلۈك ئىنتىزارلىق ھېسسىياتى، ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك پىداكارانە روھى ئىپادىلەنگەن.

شېئىرنى مەزمۇن جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈپ تەھلىل قىلىمىز.

بىرىنچى بۆلەك ئالدىنقى ئىككى بېيىت بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىر شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي شارائىتىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «ھاۋادا كۆپ بۇلۇتلار بار»، «ئاشۇ مۇدھىش بۇلۇتلار» قاتارلىق ئىبارىلەر مىلىتارىست شېڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىللەردە «تەرەققىيپەرۋەرلىك» چۈمپەردىسى ئاستىدا شىنجاڭ ئاسمىنىدا پەيدا قىلغان ئاق تېررورلۇقنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىدۇر.

ھاۋانى مۇدھىش بۇلۇتلار قاپلىغاندەك شىنجاڭنى ھەم پۈتۈن جۇڭگونى قاپلىغان زۇلۇم ۋە جاھالەتچىلىك زادى قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ شائىر بۇ بۆلەكتە دەل مۇشۇنداق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىنى كىشىلەر ئالدىغا قويىدۇ ھەم ئۇنىڭغا جاۋاب ئىزدەيدۇ، بۇلۇتلار ھەرقانچە

مۇدھىش بولسىمۇ قۇياش يۈزىنى داۋاملىق يېپىپ تۇرال-
مايدىغانلىقىغا، ھامان قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ، جاھان-
نى تەلتۆكۈس يورۇتىدىغان ئازادلىق تېڭى يېتىپ كېلىدى-
غانلىقىغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ئۈچىنچى بېيىتتىن بەشىنچى بېيىتقىچە بولغان بەش بېيىتتىن ئىبارەت. شائىر بۇ بۆلەكتە شېڭ شىسەي يۈرگۈزگەن ساختا «تەرەققىي-پەرۋەرلىك» سىياسىتىنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، قارا كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئوبرازلىق گەۋدى-لەندۈرۈپ بەرگەن.

قۇياشقا دالدا قىلماسلىق ئەقىلسىزلىك دەلىلىدۇر،
سېنىڭ يۈزىگە بۇ بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟
كۆتۈر خالتاڭنى ئەي ئەخمەق، كېرەككە كەلمىگەي خالتاڭ،
كۆرەمسەن ئۈچى ئۈچلۈق بۇ بىگىزنى بۆز ياپالغايمۇ؟

دېمەك، شائىر بۇ مىسرالاردا «بىگىز» نى ھۆكۈمرانلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىغا، «بۆز خالتا»نى ئۇلارنىڭ بىر مەز-گىل خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئالدامچىلىق سىياسىتىگە سىمۋول قىلغان ۋە شائىر دېمەك-چى بولغان مەقسەتنى خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئارقى-لىق ھەم ئىنتايىن ئوبرازلىق، ھەم ئىنتايىن چۈشىنىش-لىك قىلىپ دەل جايىدا ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنداق رەزىل ئويۇنلار دۈشمەنلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ھېچ ۋاقىتتا يوشۇرۇپ كېتەلمەيدى-غانلىقىنى، زالىملارنىڭ زۇلۇم - ئوقۇبىتىنى ھازىرغىچە

تارتىپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق ھەقىقىي ئەھۋالنى تونۇپ يەتكەن ھامان ھۆكۈمرانلارنىڭ «بۆز خالتىسى تېشىلىپ»، ھەقىقىي قىياپىتى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ئاستىدا رەسۋاسى چىقىدىغانلىقىنى، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، قارا بۇلۇتلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان «بوران» نىڭ پاتراق مەيدانغا كېلىشىگە بولغان تەقەززالىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر يەنە:

بوران چىقىپ تەرەپپالەن ئەگەر ھېچ ئويلىماي
تۇرساڭ، ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە يېپىپ تۆڭلۈك
ئاللىغايمۇ. دەپ كەسكىن ۋە جاراڭلىق خىتاب قىلغان.

يەتتىنچى بېيىت بىرىنچى بۆلەككە مەنىداش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شائىر بۇ بېيىتتا ئۆز يۇرتىنىڭ ئاسمىنىدا پەيدا بولغان زۇلمەتلىك سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مىسلىسىز ئېغىر ۋە جاھالەتلىك كۈنلەرگە بولغان قايغۇ-ھەسرىتىنى، مۇشۇنداق پاجىئەلىك تۇرمۇشقا گىرىپتار قىلغان سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارىتا غەزەپ ۋە شىكايىتىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاتراق ئازادلىق تېڭى ئېتىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە بولغان ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئۈچىنچى بۆلەك ئاخىرقى تۆت بېيىت بولۇپ، شائىر شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىدە پىكىر ئېقىمىنى يەنە بىر يېڭى مەزمۇنغا يۆتكەپ، مۇشۇنداق جاھالەتلىك كۈنلەرگە قېلىشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان. ئۇنىڭغا جاۋاب

بېرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى خەلقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كورلۇقى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقى دەپ شەرھلىگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نادانلىق كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىنى، دوست - دۈشمەنلىرىنى ھەقىقىي ئايرىۋالالايدىغان سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولۇشقا، دۈشمەنلەرنىڭ خىلمۇ خىل نەيرەڭلىرىگە قارىتا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشكە ۋە مادىدىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق ھازىرلىق كۆرۈشكە چاقىرغان.

ئوقۇتماي بالىلارنى ئوينىتىپ، ياخشى چوڭ قىلدۇق،

ئىسىت، بۇ بالىلار ئاخىر يېرىم ناننى تاپالىغايمۇ؟

ئوقۇغۇلار، ئوقۇتقۇچىلار ھەم، ھاۋا ئەۋزايىنى بۇزدى.

ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالمىغايمۇ؟

شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئالدىنقى مەزگىللەردە قوزغالغان ئىنقىلابلارنىڭ خەلققە ھېچ بىر نىجاتلىق ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى ئەسلەپ كېلىپ، ئىنقىلاب بورىنىنى توختىماي ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تولۇق ھازىرلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۈمىد، ئىشەنچىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

شائىر گەرچە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئازاد قىلىش ئىشىنى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىدىن تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ لىرىكىسىدا خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتلىك، ئاسارەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى «جاننى ئالىقانغا ئېلىپ كۆرەش

قىلىش»، قولغا قورال ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىش
ئىكەنلىكىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن. شائىر نۇرغۇنلى-
غان لىرىكىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىتابلىرىنى
يالغۇز باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنمىدى.
بەلكى بۇ ئىرادىلىرىگە ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىپ،
«جاننى ئالىقانىغا ئېلىپ» كۈرەش يولىغا دادىل قەدەم
قويدى ھەم دېھقانلار قوراللىق ئىنقىلابىنى تەشكىللىدى.
ئىنقىلابىنىڭ قىيىن سىناقلىرىدىن مەردانە ئۆتۈپ، ئىنقى-
لاب يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. مانا بۇ شائىر-
نىڭ ئۆز خىتابلىرىغا بەرگەن شانلىق جاۋابى...

# «جۇڭگو» توغرىسىدا تەھلىل

ل. مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرى ۋەتەن ۋە خەلق ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلىشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، بۇ شېئىردا شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئىشى بىلەن چەمبەرچاس بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرتەن، بىر جان قىلىپ باغلىغان. بۇخىل يۈكسەك ئىدىيە شېئىرنىڭ پۈتۈن كومپازىتسىيىگە باشتىن ـ ئاخىرغىچە خۇددى ئادەم ئورگانىزمىدىكى ۋېنا قان تومۇرلىرىدەك سىڭدۈرۈلگەن.

شائىر بۇ شېئىرنى 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يازغان، بۇ ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئېلىمىز تاجاۋۇزچىلارغا مۇنقەرز بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالغان، مەملىكەت خەلقى قانلىق كۈرەشكە دۇچ كەلگەن مەزگىل ئىدى. شائىر بۇ شېئىردا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشچانلىق روھ بىلەن ۋەتەنگە، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىگە بولغان تولۇپ تاشقان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، تاجاۋۇزچى جاھانگىرلارغا ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى زۇلمەتلىك تۇرمۇشقا پاتۇرغان سىنىپىي دۈشمەنلەرگە بولغان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىشنىڭ

زۆرۈرلۈكىنى هەم ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىشىغا بولغان تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋار ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بىز شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز. شائىر ئۆ- زىنىڭ ئانىسىدەك ئېزىز بولغان ۋەتىنىگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنى شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

جۇڭگو ...
جۇڭگو!
ئانا يۇرتىمىز سەندۇ،
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئۇماق،
ساپ هاۋاڭدا چوڭ بولغان.
تېپىپ سېنىڭدە ھەقلىق،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوك بولغان.
ئېھ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار.
ئۇنى بىز مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ توغرۇلۇق جېنىمىز پىدا.

دېمەك، شائىر پۈتۈن ۋەتەن بىلەن ئۆز يۇرتىنى ۋە خەلق- نى ئەنە شۇنداق بىر پۈتۈن هېسابلايدۇ. يۇرتى ۋە خەلقىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى پۈتۈن ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ۋەتىنىمىز ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ئېغىر پەيتلەردە ئۇ ئۆزىنى ۋەتەنگە قەرزدار هېس قىلىپ، ۋەتەن ئالدىدى-

كى «قەرزىنى» قەتئىي ئادا قىلىدىغان جەڭگىۋار قەسەمىيادىنى
تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. شېئىردا ئۆركەشلەپ تۇرغان
بۇ خىل چوڭقۇر ئىدىيىۋى كەيپىيات كىتابخانلارنىڭ قەل-
بىگە ئۆز يالقۇنىنى چېچىپ، ھەممە كىشىنى ۋەتەنگە بول-
غان بۇرۇچدارلىق ھېسسىياتىغا چۆمدۈرىدۇ. قارىماققا
ئاددىي، ئەمما ھاياجان بىلەن توۋۇنغان يالقۇنلۇق بۇ مىس-
رالار شائىرنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەق-
قىي خىتابنامىسىدۇر.

ئەينى مەزگىللەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدى-
يىسىنى ئۆز ئەسىردە شۇنچە كۈچلۈك ۋە گەۋدىلىك
قىلىپ ئىپادىلەش ئۇنچە ئاسان ۋە ئادەتتىكى ئىش ئەمەس
ئىدى. چۈنكى شائىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپى-
دىن پەيدا قىلىنغان مىللىي زۇلۇم، مىللىي تەڭسىزلىك،
مىللىي ئۆچمەنلىك، ئاق تېررورلۇقنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈ-
شىنىپ يەتكەن. ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆز
تەقدىرىنىڭ ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن بىر تەن، بىر جان
بولۇپ بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى روشەن تونۇپ يەتكەنىدى.
بۇ شائىرنىڭ كۆز نۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، بىلىم چۈشەن-
چىسىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكىنى، ئىدىيە جە-
ھەتتە ئۆز زامان، ئۆز ماكانىدىن كۆپ دەرىجىدە ئىلگىرى-
لەپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە شائىر ۋەتەننىڭ تارىخىي
تەرەققىياتىنى ئەسلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى
زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي شارائىتىنى غەزەپ - نەپرەت بى-
لەن تىلغا ئالىدۇ. شائىر قاراڭغۇ مۇدھىش زامانىنى ئەسكە

ئالغىنىدا مۇشۇنداق رەھىمسىز رېئاللىقنى پەيدا قىلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. شائىر «قانخور مەنچىك»، «تەييارتاپ»، «ئۆزىچە دانىشمەنلەر»، «ياپوننىڭ قارا قاغىلىرى» دېگەن ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئەسىرلەر بويىچە جۇڭگو خەلقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، زۇلۇم سالغان ئىككى ئاساسىي دۈشمەنىنىڭ — فېئودالىزم ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى بولغان بۇ «تەييارتاپ» قارا كۈچلەر خەلقنىڭ ئۈستىدە خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزدى. بۇنىڭ ھېسابىغا ئۆزلىرى ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ يىلتىزى شۇلار. ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئاشۇ ئاساسىي دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىلا ئاندىن ئۆزلىرى «پاراقلاپ كۈلۈپ» خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلالايدىغان ئازادلىق - ئەركىنلىك تېڭىغا ئېرىشەلەيدۇ. مانا بۇلار شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئالغا سۈرۈلگەن كۈچلۈك خاھىشتۇر.

بىراق سەن جۇڭگو،
ئويلىساڭ ئىدى.
بىردىن ئۆتمۈش
تارىخىڭنى ۋاراقلاپ.
شۇ چاغ روشەن بولاتتى
سەندە كىملەر
كۈلدى پاراقلاپ....
ئاچ! تارىخىڭنى!

سىنى غالجىرلار.
قانخور مەنچىڭلار
گۆشۈڭنى ئۈشتىلىگەن ئىدى.
ھەم تەييارتاپ
«ئۆزدچە دانىشمەنلەر»
سىنى تەقسىم قىلىپ بۆلۈشكەنىدى.
ياپونىنىڭ قارا قاغىلىرى
قونۇپ دەرەخلىرىڭگە،
سىنى ئالداپ ھەر ياندىن چوقۇلىغان ئىدى.
شېرىن سۆزلەپ
ھىيلىگەرلىك بىلەن
قېنىڭنى شوراپ قورسىقىنى توقلىغان ئىدى.
«ئالىي جىنىس بىز
ھاكىمىيەت بىزگە خاس» دەپ،
ئەلگە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇمنى سالدى.
شائىر بۇ مىسرالاردا ۋەتەنىنىڭ بەختسىزلىكىگە بول-غان قايغۇ - مۇڭى ۋە ئۆكۈنۈش - ھەسرىتىنى ئىپادە قىلىدۇ.
ئۈچىنچى بۆلەكتە شائىر پۈتۈن غەزەپ - نەپرىتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ۋە ياپون ئال-ۋاستىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆ-رۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
ئەمدى بىز ئاچىمىز،
ئۆزىمىزنى يازدىمىز،
پارلاق ئاق، يېڭى تارىخ بېتىگە.
دېيىش ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىش

ئۈستىكىنى، كۈرەشتە جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى جاكارلايدۇ.

هەم پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا
ئۆچمەس،
ئالتۇن سىياھلار بىلەن يېزىلدۇق.

شائىر بۇ مىسرالاردا يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قولغا قول تۇتۇشۇپ، مۇرمۇ - مۈرىدىگە تىرەپ، بىر نىيەت بىلەن ئازاد، ئەركىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

چۈنكى قۇرۇشقا
«ئازاد يېڭى جۇڭگو»
ئىپتىۋاتىمىز بىر جان
بىر تەن
مانا كەڭ مەيداندا «گامىنزو».

تۆتىنچى بۆلەكتە شائىر تولۇپ تاشقان ھاياجان ۋە جەڭگىۋار ئىشەنچ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىپرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىپ ئۆزىنىڭ جان - تېنى بىلەن غەلىبىگە ئاساس يارىتىۋاتقان قەھرىمانلارنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش سېپىگە ئاتلانغان مىليونلىغان ئارمىيە ۋە خەلقنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام، يالقۇنلۇق - خىتابلىرىنى يوللايدۇ.

يىاز!
كۈرەش مەنبەسى

دۇگىيى، لۇگوچىياۋنى
ياز!
ۋەتەنپەرۋەر جەسۇر
ياش ئەسكەرلەرنى.
ياز! ئارسلانلارنى،
يانماس كۆكۆللۈك پارتىزانلارنى.

شائىرنىڭ قاناتلانغان تەسەۋۋۇرى ئەنە شۇنداق ئەر- كىن پەرۋاز قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ مەيدانلىرىغا ئاكوپتىكى جەڭچىلەر ئىچىگە، تاغ - ئورمانلارنى ماكان تۇتۇپ جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان پارتىزانلار ئىچىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەسۇرانە كۈرەش پائا- لىيەتلىرىگە ھەمنەپەس بولىدۇ.

شائىر بۇ خىتابلىرىنىڭ داۋامىدا يەنە:

ياز!
ئارقا سەپتە تۇرغان
گۈزەل شىنجاڭنى!

دەپ جاكارلاپ، ۋەتىنىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە ئالدىنقى سەپكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ- تىلەكلىرىنى، مەدەت، ئىرادىلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شېئىرنىڭ ئاخىرىدا شائىر مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى- نىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى يەكۈنلەپ، مۇنداق ئوتلۇق مىسرالارنى تۈزىدۇ:

ھەر مىنۇتتا سېنى قوغداپ،
سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى
قولغا ئالىمىز.

دۇنيادا بىرلا قىلىپ
يېڭى، مۇستەقىل جۇڭگو قۇردىمىز.
جۇڭگودا مەڭگۈ
لەپىلدىتىپ،
تائەبىدى چۈشمەس قىلىپ
ئازادلىق تۇغىنى قادايمىز!

شائىرنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدىن شۇ نەرسىنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىلا ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى ئىنتايىن روشەن ئىدى. شۇڭا بۇ شېئىر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەر خىل پىتنە ـ ئىغۋا، ئەكسىيەتچى سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشىمىز، ھەر مىللەت ياشلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى مۇستەھكەملىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشىمىزدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تولۇقى بىلەن رېئاللىققا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلارنى گەۋدىلەندۈرگەن جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە تەربىيە ئېلىش ھەممىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك.

## شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) شېئىرنىڭ تىلى جانلىق، جاراڭلىق،

ستىلىستىكىلىقۋاستىلەر ئىپادە قىلغان مەنە چوڭقۇر ھەم كۆچلۈك بولۇپ، شېئىردىكى ھەر بىر شەيئى، ھادىسە، ھېسسىيات ئۆتكۈر ھەم روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

مەسىلەن، «جۇڭگو ... جۇڭگو» دېگەن سۆزنىڭ تەكرار ئىشلىتىلىشىنى ئالساق ئۇ بىر تەرەپتىن بىزگە بىر كىچىك نارىسىدىنىڭ «ئانا ... ئانا ...» دەپ ئانىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن تەلپۈنگەنلىكىنى ئەسلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ نامىغا بولغان ئىھتىرام ـ ھۆرمىتىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى دەپ تونۇيدىغان مۇقەددەس ئەقىدىسىنى كۆچلۈك نامايان قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك شائىر بۇ شېئىردا خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پىكىر ھېسسىياتلىرىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرگەن. «گۆشۈكنى ئۆشتىلىگەن»، «ياپوننىڭ قارا قاغىلىرى»، «قونۇپ دەرەخلىرىڭگە»، «ئالىي جىنسىبىز، ھاكىمىيەت بىزگە خاس»، «گامىنزۇ»، «ئازاد يېڭى جۇڭگو»، «سەندە كىملەر كۆلدى پاراقلاپ»، «بىزنىڭ بوينىمىزدا تۆگمەس قەرزىڭ بار»، «ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوك بولغان» دېگەن سۆز ئىبارىلەر ئىنتايىن ياخشى تاللانغان تىل ۋاستىلىرى بولۇپ، ئۇلار مەنە جەھەتتىن ئۆزلىرى ئىپادىلەۋاتقان سىرتقى مەزمۇندىن كۆپ چوڭقۇر ھەم كەڭ مەنىلەرنى بىۋاستە، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەمەس، بەلكى كىتابخانلارنىڭ زېھنىي كۆچىنى قوزغاپ، ئويلاندۇرغۇدەك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن....

2) شېئىر چاچما شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، ھېسسىيات دولقۇنى شېئىر مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، تەبىئىي

شەكىللەندۈرۈلگەن. بۇ شېئىرنى شېئىرىي ئىنتوناتسىيە بى-
لەن دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشقا ھەم شېئىرنى ئوقۇغان
ھامان ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تە-
سىرلىنىشكە پايدىلىق شارائىت ياراتقان. مەسىلەن، بۇ
شېئىر شېئىردىي ئاھاڭنىڭ بىر خىل رىتىملىق، يېقىملىق،
نورمال چاستوتىسى بىلەن باشلانغان. ئەمما ۋەتەنىنىڭ
بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىگەندە شائىرنىڭ ھېس-
سىياتىچوڭقۇر قايغۇ، ھەسرەت بىلەن ئالمىشىدۇ - دە، شا-
ئىرنىڭ ئاھاڭمۇ پەسىيىدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى قايغۇ-
مۇڭدىن غەزەپ - نەپرەتكە ئۆتكەندە شېئىردىي ئاھاڭ بىر-
دىنلا پارتلىغاندەك كۆتۈرۈلۈپ، ھاياجانلىق ئاھاڭ ئۆركە-
شى پەيدا قىلىدۇ. شائىر ئارقىدىنلا ياپونغا قارشى ئۇ-
رۇش قەھرىمانلىرىنى بايان قىلغاندا شائىرنىڭ سۆيۈنۈش،
پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا ئەگىشىپ بىر جاسارەت پەيدا بو-
لىدۇ - دە، ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، پىكىر تەسەۋۋۇرى
قاناتلىنىپ، ئىلھام كۆكىدە توسالغۇسىز پەرۋاز قىلىپ،
يىراق ۋە چەكسىز ساھىللارنى، ساما بوشلۇقىنى كېزىدۇ.
شېئىرنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئىرادە ۋە ئىشەنچلىرى
تەسۋىرلەنگەندە شېئىرنىڭ ھېسسىياتى قايتىدىن پەسىيىپ،
كىتابخاننى يۇخادىن چىققاندەك يېڭى كەيپىياتقا ئېلىپ
كېلىدۇ، شېئىرمۇ تۈگەيدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي تالانتلىق
شائىرنىڭ ئىلھاملىنىشىدىن پەيدا بولغان ھەقىقىي لىرىك
شېئىردۇر. شۇنىڭدەك شېئىردا ھېسسىياتنىڭ مۇنداق تەبىئىي،
بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە بىرلىككە كېلىشى يالغۇز شائىرنىڭ
بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەتىجىسىلا بولۇپ قالماستىن، مۇھە-
مى شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چىن ھەم

چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى بۇنداق تىپىك ۋە چوڭقۇر ئىدىيە سىڭگەن ھېسسىيات پەقەت ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرەكتىنلا ئۇرغۇپ چىقالايدۇ. ئەگەر شائىردا ۋەتەنگە قارىتا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە چىن ھېسسىيات بولمىغان بولسا شائىردا قانچە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بولغىنى بىلەن بۇ ھېسسىيات «جۇڭگو» شېئىردىكىدەك ئۇنچە تەبىئىي بولۇپ چىقمىغان بولاتتى.

# «ئىگىلىك سۇ» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋ 1930 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، بىر قانچە يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. دادىسى ئۆز زامانىسىدىكى بىلىملىك، مەرىپەتلىك كىشىلەردىن بولغاچقا تېيىپجان دادىسىنىڭ تەسىرىدە 1945 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1946 - يىلدىن باشلاپ ئىلىدا چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، باللادا، داستان ۋە روبائىيلارنى يازغان. «شەرق ناخشىسى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «زەپەر چىرايلىق كەلدى باھار»، «باھار ئىلھامى»، «تاللانغان شېئىرلار»، «تۆھمەت قۇربانى»، «يانتاق» قاتارلىق توپلاملارنى ئېلان قىلغان. خېلى كۆپ شېئىرلىرى خەنزۇ ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر تىلىغا، بەزى شېئىرلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

تېيىپجان ئېلىيوۋ 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 -

كۇنى ئاتمىش يېشىدا ۋاپات بولدى.

«ئىگىلىك سۇ» باللادىسى 1962 - يىل 7 - ئاي- دا ئېلان قىلىنغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

شائىر باللادىدا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېلىپ، بېرىلغان سۇ قۇرۇلۇشى كۇرىشىنى تېما قىلىپ، ئانا - بالا نۇرخان بىلەن قادىرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، كوللېكتىپلىشىشتىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىكى پېچىقى- رىشىنىڭ قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئاجايىپ زور غەلىبىلىرىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنى تىز- گىنلەش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ قارشىلى- قىنى يېڭىپ ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن مەدھىيىلەپ، سۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئازاد خەلق، ئازاد ئەمگەك دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 3. باللادىدىكى پېرسوناژلار

نۇرخان ئانا ئوبرازى:

نۇرخان ئانا كونا جەمئىيەتنىڭ جەبىر - زۇلمىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭلاشقا ئۇ يېڭى جەمئىيەتنى قۇرۇش- قا يېتەكچىلىك قىلغان پارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ھەم ئۇنىڭغا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ئەمگەكچى يېزا ئا-

ياللىرىنىڭ بىرى. بىراق ئۇ يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق ھەرىكەتلەرگە جان پىدالىق بىلەن قاتنىشىشنى خالىسىمۇ، ئوغلىنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئوغلى ئوتتۇز يىگىتكە باشلامچى بولۇپ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، كۆز يېشىنى توختىتالمايدۇ. ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنى چىگىچ تەشۋىشلەر قاپلىۋېلىپ ئۇخلىيالمايدۇ. نېمىشقا؟ بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار.

بىرىنچى سەۋەب بۇرۇندىن تارتىپ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر ئەپسانىۋى رىۋايەتتىن يەنى ئۆڭگەدا تاغ ئىچىدىكى سۇ «ئىگىلىك سۇ» بولۇپ، چىلتەنلەرگىلا بەخشەندە قىلىنغان. ئۇنىڭغا بەندىنىڭ چېقىلىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن خۇراپىي چۈشەنچىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى سەۋەب نۇرخان ئانا ئائىلىسىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسى بولۇپ، بۇ ئىش ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەپسانىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. ئۆتمۈشتە چوڭ پومېشچىك ساتتار ھاجى تاغ ئېغىزىدىكى سۇنى ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن نۇرخاننىڭ ئېرى بىلەن شەمشىدىننى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە نۇراخۇن ئۇشتۇمتۇت ۋەقەگە يولۇقۇپ ھالاك بولىدۇ. شەمشىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. نۇرخان ئانا يېڭى تۇرمۇش يارىتىشقا قىزغىن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى ئىككى «تۈگۈن» سەۋەبىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ، ئاشۇ سۇنى باشلاپ

كېلىشكە ماڭغان ئوغلىنى خۇشال ــ خۇرام ئۇزىتىپ قويمايدۇ.

«ئىگىلىك سۇ» ھەققىدىكى ئەپسانىۋى رىۋايەت ــ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر ئۈستىدە تەبىئىي ئېقىن سۇلارنىڭ بولمىغانلىقىدىن خەلق ئىچىدە پەيدا بولغان خۇراپىي چۈشەنچىلەرنىڭ مەھسۇلى، نۇراخۇننىڭ ئۆلۈمى بۇ رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇشتۇمتۇت يولۇقۇپ قالغان ئاچ بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن پەيدا بولغان رېئال ۋەقە ئىدى. ئۇچاغدا كىشىلەر فېئوداللىق خۇراپىي ۋە دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئاسارىتىدە رېئال ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يېتەلمەي، نۇراخۇننىڭ ئۆلۈشىنى «ئىگىلىك سۇ» غا چېپىلىپ قويغانلىقتىن چىلتەنلەر ئەۋەتكەن بالا ـ قازا دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ غەلىبە قىلىشقا توسقۇن بولغانىدى. نۇرخان ئانا ئوبرازىدا، ئاپتور ئۆتمۈشتە خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللىق خۇراپات ۋە دىنىي ئازدۇرۇشلارنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئەمگەكچى خەلق قەد كۆتۈرۈپ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەقىقىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار يېڭى دەۋردە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەبىئەتنىڭ «تىلسىملىرىنى» ئېچىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. «ئىگىلىك سۇ» نىڭمۇ سىرىنى ئېچىشمۇ ئازاد ۋە ئاڭلىق ئەمگەكنىڭ قۇدرىتىدىن ئاسانلا ھەل بولدى. سۇنىڭ مەھەللىگە يېتىپ كېلىشى خەلق ئاممىسى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن بۈيۈك ئارزۇلارنىڭ بىرى ئىدى. نۇرخان ئانا ئۆز مەھەللىداشلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ئىچىدە يىگىتلەرنى

قارشى ئېلىشقا چىقىدۇ، ئۆز ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ قانىمىسىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئانىلىق مېھرىنى چاچىدۇ. شۇنىڭدەك سارالغان بولغان شەمشىدىنىڭ سۇ كەلگەندىن كېيىنكى ئۆزگەرگەن ھالىتىنى كۆرىدۇ. قاراڭغۇ ئۆتمۈش جاھالىتى ئىنسان ئەقلىگە سالغان كىشەنىنىڭ كاساپىتىدىن يۈز بەرگەن شەمشىدىنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ سىرىنى بىلىپ يېتىدۇ.

دەۋرىمىزنىڭ كاراماتىدىن
يالغان تىلسىمنىڭ پاش بولدى سىرى.
ۋەرەت بولدى ئىنسانغا تەگكەن
جاھالەتنىڭ شامال - ئېسىرى.

مانا بۇ نۇرخانغا ئوخشاش مىليونلىغان ئاتا - ئانىلار كۆز قارىشىدا پەيدا بولغان يېڭىچە قاراشلار ئىدى.

شائىر نۇرخانىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان تەشۋىشىنىڭ سىرىنى ئەنە شۇنداق يېشىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى جەمئىيەتتە ئەنئەنىۋى خۇراپىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئاڭ بىلەن بۇرۇنقىلار قىلالمىغان بۈيۈك ئىشلارنى قىلىپ، يېڭى دۇنيا يارىتىۋاتقانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باللادىنىڭ ئاخىرىدا نۇرخان ئانا ئاڭ — پىكرى ئېچىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭسىزمۇ تەبىرى ئېنىق
مەن خىجىلمەن كۆلگە قىلىپ،

نادانلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ
قىپتىكەنمەن ئەجەب سەت قىلىق.
پارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا
يېتىشكە ئەقلىم قىسقا كەپتىكەن.
نېمە دەيتتىم؟
دانا قېرىلار
«ئەندىشىنىڭ ئېتى قورقاق» دەپتىكەن.
كونىلارنىڭ جىق گېپى ھەق ـ راست،
كېتەلمىگەن لېكىن ئاقتۇرۇپ.
ئۇلار ئۆزلىرى قىلالمىغاننى،
كەتكەن ئىكەن بىزگە تاپشۇرۇپ.
..........................
ئىشەنمەيمەن ئەمدى تىلسىمغا
ئىشەنمەيمەن كىگىز كىتابقا.
جاۋاب تاپتىم «ئىگىلىك سۇ» نىڭ
ئىگىسى كىمىكەن دېگەن سوراققا.

دېمەك، يېڭى دەۋر، ئازاد ئەمگەك، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك يولى نۇرخان ئانىدەك مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقلىگە چىراغ يېقىپ، ئۇلارنى ئويغاتتى. ھەر خىل خۇراپىي چۈشەنچىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، زامانغا لايىق يېڭىچە تۇرمۇش ۋە يېڭىچە تۇرمۇش كۆز قارىشى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرخان ئانا يېڭى زاماننىڭ يېڭى قەھرىمانىغا ئايلاندى. شائىر نۇرخان ئانىنىڭ تونۇشىدا پەيدا بولغان بۇ خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنيا-

سىدا پەيدا بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك كۆرسىتىپ بەرگەن.

قادىر ئوبرازى

قادىر يېڭى جەمئىيەتتە پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ۋەكىلى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقىل - پاراسىتىنى يېڭى تۇر- مۇش يارىتىش ئىشىغا بېغىشلايدۇ. ئوتتۇز يىگىتكە باش- لامچى بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئەسىرلەر بويى تەشنا بو- لۇپ كەلگەن ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلى- نىپ چىقىدۇ. زور جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، تاغ باغرىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ، تەشنا يەرلەرگە سۇ باشلاپ كېلىدۇ، ئۇ- نىڭ ئۆز ئانىسىنى ئەندىشىلەردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن سۆزلىگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ خۇراپىي چۈشەنچىلەردىن خالىي ئاڭلىق ياش ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

## 4. باللادىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) باللادىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى فانتازىيىلىك سۇژىت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىدۇر. «ئىگىلىك سۇ» بال- لادىسىدىمۇ مۇشۇنداق فانتازىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش مۇ- ۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ئۇنىڭدا خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانىۋى رىۋايەت قىستۇرما قىلىنىپ، ئۇنىڭغا رېئال تۇرمۇش زىددىيەتلىرى گىرەلەشتۈرۈلگەن. «ئىگى- لىك سۇ» ۋە شەمشىدىنىڭ «ساراڭ» بولۇشى ھەم ساقى-

يىشىدەك باي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، سۈژىت ئىخچام، ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

2) باللادا ۋەقەلىكى ئۈچ كىچىك ماۋزۇغا بۆلۈنۈش ئارقىلىق ۋەقەلىكنى يىغىنچاق ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىلىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن هاجەتسىز بايان، ۋەقە، تەسۋىرلەردىن خالىي قىلىنغان، سۈژىت مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئېھتىياجى بويىچە قىسقا، جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلۈشىمۇ مۇۋاپىق بولغان.

3) ئەسەرنىڭ تىلى پىشقان، ئوبرازلىق ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

باللادىدا رىتورىك مۇراجىئەت، رىتورىك سوئاللار چېۋەرلىك بىلەن ئۆز جايىغا قويۇلۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇغا تويۇندۇرۇلغان.

ئۇندىن باشقا جانلاندۇرۇش، تەكرارلاش قاتارلىق ستىلىستىك ۋاستىلەرمۇ شېئىر تىلىغا جان كىرگۈزۈپ، كىشىدە يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلغان. مەسىلەن: شائىر

قىزىل لېنتا كېسىلگەن چاغدا
زۇمرەت ئېقىم ئاقتى قىيغىتىپ.
دولقۇنلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ،
شاۋقۇن سېلىپ ناخشا ياڭرىتىپ.

دەپ سۇنىڭ ئېقىمىنى جانلاندۇرۇپ، تەشنالىق بىلەن تولغان دىللارنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى بىلەن چەمبەر-

چاس باغلاپ تەسۋىرلىگەن بولسا.

كۈتۈۋالدى ئۇلارنى ئالقىش
كۈتۈۋالدى قوللار، چاۋاكلار.
كۈتۈۋالدى سۆيۈملۈك لەۋلەر،
كۈتۈۋالدى ئىللىق قۇچاقلار.

دەپ تەسۋىرلەپ، «كۈتۈۋالدى» دېگەن سۆزنى هەر بىر مىسرانىڭ بېشىدا تەكرارلاش ئارقىلىق («ئانا فورا») كۈتۈۋېلىش هەرىكىتىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئىنتايىن قىزغىن بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك ئۇ مىسرالاردا مېتانومىيىلىك ئىپادىلەش قوللىنىلىپ، «ئادەملەر» دېيىشنىڭ ئورنىغا «چاۋاكلار»، «ئالقىش»، «سۆيۈملۈك لەۋلەر»، «ئىللىق قۇچاقلار» دەپ ئېلىنىپ، ئىنتايىن يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلغان.

باللاددا يەنە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىنتايىن جايىدا قوللىنىلىپ ۋە شېئىرىي ۋەزىنگە سېلىنىپ، ئەسەرنىڭ تىل تەركىبى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن كۆپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشتەك ئاددىي، سۆرەلمىلىكتىن خالىي بولۇپ، پىكىر ناهايىتى يىغىنچاق ۋە ئۆتكۈر ئىپادىلەنگەن.

«ئاتالمىغان ئاتىسى قوڭغۇز
بىراق بالىسى ئېتىپتۇ توڭغۇز.
دەسلەپكى چىققان قۇلاقتىن
ئېشىپ كېتىپتۇ كېيىنكى مۈڭگۈز».

مۇبالىغە قىلىش ــ باللادىدىكى فانتازىيىلىك تەپسىلات ۋە ھېس - تۇيغۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ستىلىستىك ۋاستە. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئوبراز يارىتىش ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ۋاستە، شائىر باللادىسىدا خەلق داستانلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، رېئاللىقتا بولغان تونۇش ۋە پوزىتسىيىلىرىنى قىزغىن ئىپادىلەپلا قالماستىن، شېئىرىي ئەسەرنىڭ ھېسسىيات ئېقىمىنى كۈچلۈك لىرىك مەلھەملەر بىلەن تويۇندۇرۇپ، پىكىر تەسەۋۋۇرلىرىنى قاناتلاندۇرغان.

گويا ئۇقتەك تارتىلدى تانا،
تانا ئىزىدىن قېزىلدى ئۆستەڭ.
ھەر جەڭچىنىڭ جاسارىتىگە
تەڭ كېلەلمەس نەچچە ئون رۇستەم.
سۇ يولىنى توسۇغان تاش تاغ
قاق بېلىدىن ئۇشتۇلدى ئەمدى.
پارە - پارە بولغان گەۋدىسى
ئۆستەڭلەرگە تاش بولدى ئەمدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا «ئىگىلىك سۇ» باللادىسى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، يۈكسەك بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، كىتابخانلارغا ئىدىيىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك تەسىر قىلىش بىلەن بىللە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئىزدىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئۈلگە بولالايدۇ.

# «دولان ياشلىرى» توغرىسىدا تەھلىل

تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى 1979 - يىلى يېزىلغان.

## 1. ھېكايىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

ئون يىلغا سوزۇلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور-ئىنقىلابى» جۇڭگو خەلقىگە مىسلىسىز زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. سۇيىقەستچى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىر مەزگىل ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. بۇ دەۋردە بىر بۆلۈم ياشلار بىلىم سەۋىيىسى، ئاق-قارىنى ئايرىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن «گۇرۇھ» قوزغىغان قالايمىقانچىلىقلارغا ئەگىشىپ، يامان يوللارغا ماڭدى، يامان ئىشلارنى قىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، «مەدەنىيەت زورئىنقىلابى» نىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئېلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان قايمۇققان ئاشۇ ياشلار تېزدىن ئويغىنىپ توغرا يولغا قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خاراكتېرىدە، تونۇشىدا، مىجەز - خۇلقىدا قالايمىقانچىلىق سىڭدۈرگەن يامان ئادەتلەرنىڭ تەسىرى ساقلىنىپ قالدى. بۇ بىر تۇر-

كۈم ياشلارنى يامان تەسىرلەردىن ئازاد قىلىپ، تەربىيلەپ توغرا يولغا ئۆزۈل - كېسىل قايتۇرۇپ كېلىش پارتىيىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.

«دولان ياشلىرى» ھېكايىسى مانا شۇنداق تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ئاپتور ھېكايىدە ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە نادانلىق ۋە «سادىقلىق» ئىلكىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان كەنجى بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى پالتاخۇننىڭ خەلقىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە بولغان ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كەنجىنىڭ قانداق قىلىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەھەرلىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، مىللىي سەنئەتنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزغانلىقىنى تېما قىلغان. ھېكايىدە سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مىللىي سەنئىتىنى ھەرقانداق زۇلمەتلىك ئېغىر شارائىتلاردىمۇ سۆيىدۇ، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، سەنئەت كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەللەشتۈرۈپ ئالغا باستۇرىدۇ، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى ئاساسىي پېرسوناژلار

كەنجى ئوبرازى

كەنجى ئەسلىدە نەق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغان يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللى

قىنى تۆگەتكەن بىر ئۆسمۈر ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ مەكتەپ تەربىيىسىدىن ئايرىلىپ، باشباشتاقلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ كەتكەن قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرنى پىپەن قىلىش، سازايە قىلىش، «تۆت كونىنى» يوقىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ ئەگىشىپ، «قىزىل قوغدىغۇچى»، «خەلق ئەسكىرى»، «ئۆگىنىش نەمۇنىچىسى» بولۇپ، ئۈرۈمچىلەرگىچە بېرىپ «ئۆگىنىش كۇرس» لىرىغا قاتنىشىپ، مالىماتاڭچىلىقنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆگەنگەن بۇ بىر يۈرۈش نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە پەن - مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش، ھەربىر مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قەدىرلەش دەيدىغان ئەقىدىلەر يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ھۆكۈم سۈرگىنى قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنى «تۆت كونا»، «سېرىق» دەپ ھاقارەتلەيدىغان، بىراقلا بۇزۇپ يوقىتىپ، تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاتالمىش ھەممىدىن «ساپ» بولغان «يېڭى مەدەنىيىتى» نى تىكلەش دەيدىغان ساختا ئەقىدە — يېڭى دەۋردىكى چېكىدىن ئاشقان يېڭى خۇراپاتلىق ئىدى...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دىگۇدەك ھېساب ئېلىنىپ، جەمئىيەت قايتىدىن ئۆز ئىزىغا چۈشتى. بىراق بىر قىسىم ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىدا «گۇرۇھ» نىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ شەكىلسىز زەھەرلىرى ساقلىنىپ كەلدى. كەنجى ئەنە شۇخىل ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ نەچچە يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ قالغان ساختا ئەقىدىلەر

ھېلىمۇ ئۇنىڭغا «توغرا» دەك بىلىنىپ، ئىدىيىسىدىن چە-
قىپ كەتمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ دادىسىنىڭ ئەمگەك-
تە، تۇرمۇشتا، خۇشاللىقتا، قايغۇدا يېقىن ھەمرىيى، ھارغىن-
لىقىنى چىقىرىدىغان دىلخۇمارى بولغان، ئىشتىياق بىلەن
ئېيتىدىغان مۇقاملىرىغا نارازى بولىدۇ، ھەتتا «دولان-لىق-
نىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولىسەن، بۇ
گۈزەل باغقا كاۋا تېرىغاندەكلا بىرئىش» دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇ
ياخشى كۆرگەن قىزىغا تەكلىپ قويماقچى بولغاندا قىزدىن
«ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى تاشلايسەن» دەپ تەلەپ قىلىدۇ،
سازەندە مەتياغا ئۆزۋاقتىدا ۋابال قىلغانلىقىغا ئۆكۈنۈش
بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى يەنىلا كەمسىتىپ، «ئاق نانچى»،
يارىماس ئادەم دەپ قارايدۇ.

ئاپتور كەنجى ئوبرازىنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىك-
لىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ سەنئەتنى خورلاي-
دىغان ياۋايى تەبىئەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنىڭ
ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق-
نىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»-
نىڭ بىر يۇرۇش ساختا سەپسەتىلىرىنىڭ ياشلارنى قانچى-
لىك چوڭقۇر زەھەرلىگەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە كەنجىنىڭ بۇخىل ياۋايى تەبىئىتى ئۇنى
يېڭى دەۋر شارائىتىدا خۇشاللىققا چۆمۈلگەن كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ۋە ياشلارنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشلىرىدىن ئاي-
رىپ قويىدۇ. ئۇ بارا-بارا كوللېكتىپتىن، ياشلارنىڭ قۇۋ-
ناق، شاد-خۇراملىق ئۇسسۇل-نەغمىلەر بىلەن ئۆتۈۋ-
ۋاتقان تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ
قالىدۇ. يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماستىن

ئۆزىگە لايىق تاپالمايدۇ. ئۇنى قىزلار «بۇت» دەپ ياراتـ
مىسا، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنىڭ ھېلىقى دەۋر-
دىكى كەپسىزلىكلىرىدىن يىرگىنىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بەر-
گۈسى كەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كەنجىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ
قاتتىق خىجىللىق ئىچىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە كەنـ
جىنىڭ «ياۋايى تەبىئىتى» بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ خىسلەتـ
لىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.
بۇ زىددىيەت ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كەسكىن ئىدىيىۋى
كۆرەش پەيدا قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتـ
لىرى ئۇنى ئازابلايدۇ. ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزلارنىڭ
ۋەسلىگە يېتىش پۇرسەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن غۇيۇلداپ
ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك روھىي ئازابقا قالدۇرـ
دۇ. كەنجى ئۈچۈن يا يېڭى يولغا قايتىپ كېلىپ، يېتىملىك
ھالىتىدىن ئازاد بولۇپ، سەنئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتـ
كەن تۇرمۇش ئىچىدە ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، مۇھەبـ
بەت ئارزۇلىرىغا يېتىش، ياكى بولمىسا «گۇرۇھ» قالدۇـ
رۇپ كەتكەن ساختا ئەقىدىلەرگە سادىق بولۇپ، ئاممىـ
دىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، يېتىم ھالەتتە ياشاۋېرىشكە
چىداش، ئاخىرقى ھېسابتا مۇھەببەت تەشنالىقىغىمۇ داۋا
تاپالماي ھەسرەتتە قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىـ
رىنى تاللىشى كېرەك بولىدۇ.

مانا شۇنداق ئىنچىكە، مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىـ
يات، كۆرەشلەر ئىچىدە كەنجى بىر تەرەپتىن ناخشا، ساز،
ئۇسسۇل ئۆگەنگۈسى كېلىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆ-
زىنىڭ كونا مۇقاملىرىغا قايتقۇسى كېلىدىغان مۇرەككەپ،
چىگىش تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە دۇچ كېلىپ، تۇرمۇش تەلىـ

پى، مۇھەببەت تەشنالىقى، ئاتا - ئانىنىڭ ئارزۇسى، كىشى-
لەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىنىڭ تۈرتكىسى، مەتيانىڭ يې-
تەكلىشى بىلەن بىر ئايدىن ئوشۇق ئۇسسۇل ئۆگىنىپ،
دادىسىدەك ئۇستا دولان ئۇسسۇلچىسى بولۇپ چىقىدۇ.
ئاپتور كەنجى ئوبرازىنى ئىنتايىن دەل جايىدا تەسۋىرلى-
گەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «ياۋايى تەبىئىتى» بىلەن يې-
ڭى تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىدىيى-
ۋى توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ كونا، ساختا ئەقىدى-
لەرنى تاشلاپ، يېڭى تونۇش، يېڭى ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش-
لەرنى پەيدا قىلغۇچە بولغان ئىنچىكە ئىدىيىۋى كۆرەش-
لىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. كەنجى ئەم-
گەكتە ئىلغار، خىزمەتتە ئاكتىپ، ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈم-
چان، كىتابخۇمار يىگىت، شۇنىڭدەك خوتۇن - قىزلارغا
كۆز سالمايدىغان تارتىنچاق خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە. «تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەھەرلىرى مۇشۇنداق ياخشى خىس-
لەتلىك بىر ياشنىمۇ كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان «ياۋايى
تەبىئەتلىك» قىلىپ قويىدۇ. بىراق كەنجى كېيىنكى تۇر-
مۇش ئەمەلىيىتىنىڭ تەسىرى، تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى
بىلەن يېڭى دەۋرگە ماسلىشالمايدىغان ھېلىقى يۈكلىرى-
دىن قۇتۇلۇپ، روھى جەھەتتىن ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا
ئېرىشىپ، مەشرەپ كېچىسىدە ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن
بىللە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆزى ئارزۇلىغان قىزنىڭ ھۆس-
نى - جامالىنى تويغۇچە كۆرۈۋېلىش شارائىتىنى يارىتىپ
بەرگەن خەلقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ھاقارەتلىگەنلىكى-
گە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئېسىل مەدەنىي
مىراسلارنى يارىتىپ، ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇپ كەت-

كەن ئەجدادلىرىغا مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىدۇ.

يازغۇچى كەنجى ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق ئىنچىكە
تەسۋىرلەش ئارقىلىق سەنئەتكە بولغان خۇمارلىقىنى مۇ-
ھەببەتكە بولغان خۇمارلىقى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىككى ياش-
نىڭ ئىلھامبەخش ساپ ئەقىدىلىرىنى ئەنە شۇ ناخشا -
ئۇسسۇل قايىنىغان سەنئەت بەزمىسىدە چېچەكلىتىپ، ھەر
ئىككىسىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە بىرلەشتۈرى-
دۇ. «دولان ياشلىرى» ناخشا، ئۇسسۇل، ساز، نەغمە ئى-
چىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، دەۋر بىلەن بىللە ئىل-
گىرىلەپ ئارزۇلىرىغا قانىدۇ. ھېكايىدە كەنجى ئوبرازىنىڭ
مۇرەككەپ خاراكتېرىنى مۇشۇنداق ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ
بېرىش ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا قايمۇققان نۇرغۇنلىغان ياش-
لارنىڭ ئويغىنىپ، «گۇرۇھ» نىڭ شەكىلسىز مەينەتچىلىك-
لىرىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارى-
نى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپەتلىرىدە
يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى قىزغىن ئىشەنچ
ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن گەۋدىلەندۈرىدۇ.

پالتاخۇن ئوبرازى

پالتاخۇن ئەمگەكچان، مەرد دېھقان. ئۇ ناخشا بى-
لەن ئۇسسۇلغا جېنىدىنمۇ ئامراق ئادەم. شۇڭا پۈتۈن ئۆم-
رىنى دولانلىقنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ناخشا،
ساز، ئۇسسۇلغا بولغان تەشنالىقى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ناخ-
شا، ئۇسسۇل ئۇنىڭ ئەمگىكى، تۇرمۇشى، خۇشاللىقى، قاي-
غۇسى بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ بىرلىشىپ كەتكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا خەلقنىڭ بۇ
ئېسىل مەنىۋى بايلىقىنى تەنقىد قىلىشقا قاتتىق نارازى

بولىدۇ. مەتىيانى سازايى، تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قات-
تىق ئېچىنىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ يەكلىنىش خەۋپىگە قار-
ماستىن مەتىيانى كەچتە باشلاپ كېلىپ ئۆيىدە قوندۇرۇپ،
تاماقلاندۇرۇپ كۈتىدۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ تەلۋىلەر توپى-
غا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىگە نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ «ناخشا بى-
لەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچ قالغان كۈنۈمدىنمۇ
بەتتەر كۆڭۈلسىز...» دەپ تونۇيدۇ. ئوغلىنىڭ يېڭى دەۋر-
دىمۇ ناخشا - ئۇسسۇلغا ئۆچ بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆر-
گەندە چىداپ تۇرالماي «دولانلىقنىڭ قېنى يوق سەندە»،
«ناخشا - ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن بىر كۈنۈمنى سىر تىماقتا
ئۆتكەندەك ئازابلىق ھېس قىلىمەن» دەيدۇ.

ئاپتور ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، سەنئەتخۇمار پال-
تاخۇننىڭ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ۋە مەتىيا بىلەن
ئوغلىغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى مانا شۇنداق يىغىنچاق
تەسۋىرلەپ، ئاددىي بىر ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ قەلبىدە سەن-
ئەتكە بولغان يۈكسەك ئەقىدە ۋە ھۆرمەتنىڭ يالقۇنلۇق
نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق خەل-
قىمىزنىڭ سەنئەتنى سۆيىدىغان، كۆلپەتلىك قىيىن شارا-
ئىتلاردىمۇ ئۇنى ئاسرىغان ئالىيجاناب مەنىۋى قىياپىتىنى
يورۇتۇپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە مۇشۇنداق سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىز بول-
غاچقا، جاھانغا مەشھۇر ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىمىز
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ساقلىنىپ كەلگەن.
ھەرقانداق قاباھەتلىك كۈچ ۋە دەھشەتلىك سىياسىي
زۇلۇملارنىڭمۇ خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان سەنئىتىمىزنى
يوق قىلىۋېتىشكە قۇدرىتى يەتمىگەن. ئۇيغۇر خەلقى خۇ-

شاللىقتا، قايغۇدا، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك قايناملىرىدا، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىدا ئۇنىڭدىن بىركۈنمۇ ئايرىلمىغان. شۇڭلاشقا پالتاخۇن ئوغلىنىڭ بىرقىزغا ئاشىق بولۇپ كەسكىن ئىدىيىۋى كۈرەشلەر ئىچىدە ئازابلانغانلىقىنى سەزگەن ۋاقتىدا ئۇنى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ، شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، ئوغلىنىڭ ئۆتكەنكى كەم ئەقىللىك قىلىپ قىلغان كەپسىزلىكلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلەنسىمۇ، ئۇنىڭ يېڭى دەۋر شارائىتىدا يېڭى تۇرمۇشتىن كېيىن قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئوغلىدىنمۇ كۈچلۈكرەك روھىي بېسىم ئىچىدە قالىدۇ. دەۋر، شارائىت، تۇرمۇشنىڭ يېڭى تەلەپلىرى كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ. جۈملىدىن كەنجىمۇ ئويغىنىپ ئامىنىڭ تۇرمۇش ئېقىمىغا قوشۇلىدۇ ۋە ئاخىرقى مەشرەپ كېچىسى پۈتۈن مەشرەپ ئەھلىنى تاڭ قالدۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ۋاقتىدا خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي قالغان ئاتا ئۇن ئۆستەڭلىك يەرنى ئۆزى تەنها مەشرەپكە چاقىرىپ، پۈتۈن چىقىمنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

دېمەك، ئاپتور پالتاخۇن ئوبرازىنى ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قويۇپ تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەقەت سەنئەتكە بولغان ئەقىدىسىدىن ئىسھارەت مۇشۇ بىر نۇقتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن.

### مەتيا ئوبرازى

مەتيا پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىگە بېغىشلىغان بىر نامرات سەنئەتچى. مەتيا

سىنىپىي ئورنى جەھەتتىن ئادەتتىكى كەمبەغەل دېھقانلار-
دىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، كونا جەمئىيەتتە
ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە بولالمىغان. ئۇ پەقەت ئۆزى-
نىڭ سەنئەتكارلىق خۇسۇسىيىتىگە تايىنىپ جېنىنى بېقىپ
كەلگەن ئادەم. بىراق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» كەلتۈرۈپ
چىقارغان قالايمىقانچىلىق مۇشۇنداق بىر ئادەتتىكى ئەم-
گەكچىنىمۇ «فېئودالىزمنىڭ تەرغىباتچىسى» قىلىپ قويۇپ،
رەھىمسىز زەربە بېرىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق كونسېرت كېچى-
لىكىدە ئامىمنىڭ تەلىپى بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيت-
قانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇپ پۇتلىرىنى چېقىۋېتىدۇ. نەتىجىدە
ئۇ خەيرخاھسىز قېلىپ، ئاران - ئاران جان ساقلاپ
قالىدۇ.

ئاپتور مەتىيا ئوبرازىنىمۇ دەل جايىدا تېپىپ تەسۋىر-
لىگەن. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر ھەر بىر يېزا، ھەر
بىر مەھەللىدىن تېپىلىدۇ. ئۇلار گەرچە ئەمگەكتە ئىلغار،
تۇرمۇشى پاراۋان بولمىسىمۇ، خەلق ئۇلارنى ھامان ھىمايە
قىلىدۇ. چۈنكى ھاياتقا مۇھەببەت، خۇشاللىققا تەنتەنە،
قايغۇ - ھەسرەتكە شىپالىق بېغىشلىغۇچى سەنئەتكارنىڭ
تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇبارەك ئورنى بار.
خەلق ئۆز سەنئىتىنى مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ ساقلىشى،
داۋاملاشتۇرۇشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى بىلەن ساقلاپ
كەلگەن.

يېڭى دەۋردە مەتىياغا ئوخشاش سەنئەتكارلارغا مۇنا-
سىپ ئورۇن، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىلدى. شۇڭا كەنجىگە ئوخشاش ياشلار،
پالتاخۇنغا ئوخشاش قېرىلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىنىڭ تۆرىنى،

تاماقنىڭ ياخشىسىنى، كىيىمنىڭ يېڭىسىنى ئۇلاردىن ئايىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەتىيا بۇخىل پەخىرلىك ئورۇندىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ توي - تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ، ھاياتقا جۇشقۇن روھ بەخش ئېتىدۇ. ئاپتور مەتىيا ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ سەنئەتكە موھتاج، سەنئەتنىڭ خەلققە موھتاجلىقىنى، خەلق سەنئەتچىلىرىنى ئاسراش، ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئۆز ئارتۇقچىلىقىغا لايىق ئورۇن بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايە باشتىن - ئاياغ بىر مەسىلىنى — سەنئەتنى سۆيۈش بىلەن سەنئەتنى خورلاش ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلەرنى سېلىشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلانغان. پالتاخۇن ئائىلىسىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى نەق مۇشۇ مەسىلىگە بولغان ئىككى خىل پوزىتسىيىدىن پەيدا بولىدۇ. باش قەھرىمان كەنجىنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى بويلاپ ئېچىپ بېرىلىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرىمۇ، يېڭى دەۋردىكى ياشلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن يېزىنىڭ يېڭى مەنىۋى قىياپىتىمۇ يەنىلا سەنئەتكە بولغان پوزىتسىيىنى دەۋر قىلغان ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ھېكايە مۇنداق يېزىلغاندا ئۇنىڭ كىتابخانىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، تەسىر قىلىش رولىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ. ۋەقەلىك چې-

چۈشىنىلمەي، ئاساسىي نۇقتا مەركەزلىك ھالدا تولۇق يورۇتۇلۇپ، مۇشۇ نۇقتا ئارقىلىق پۈتۈن تۇرمۇشنى چۈشەنىشىلىشقا شەرت - شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

2) ھېكايىدە خاراكتېرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى ياخشى ئېچىپ بېرىلگەن، بولۇپمۇ كەنجى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى پالتاخۇن ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق، خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىنىپ، كەنجىنىڭ ئىدىيىسىدە يۈز بەرگەن توقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى ناھايىتى تەبىئىي تەسۋىرلىنىپ، كىتابخاننى تۇرمۇشتا مۇشۇنداق بىر ۋەقە راستتىنلا ئۆتكەندەك تەسىراتقا ئىگە قىلىغان.

3) ھېكايىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى — ئۇنىڭ تىلى پىششىقلىنىش ۋە تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن، جۇشقۇن ھېسسىيات، كۈچلۈك مەنتىقە، قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىنغان. ھېكايىدىكى ئاپتور تىلى ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇلاھىزىلىرى، ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ تىللىرىدىكى خاسلىق، ئەسەر تىلىنىڭ ئۇلارنىڭ خاراكتېر، ئەقىدە، تونۇشلىرىغا ماسلىقى كىتابخانغا ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ، كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى ئويغىتىپ، كىتابخاننى قىزىقارلىق كەيپىيات ئىچىدە تەسىرلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «ئېيتمايمىشمەن تېخى، — دېدى بوۋاي ئاچچىق بىلەن ئۆيدە ئايلىنىپ، — ناخشا ئېيتمىغانغا خۇشال بولسا، مەن ئۆلگەندە خۇشال بولۇۋالسۇن، بۇنىڭ بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق»، «ناخشا، ئۇسسۇل، ساز ئۈچۈن گۇناھكار بولسا، مەنمۇ

گۇناھكار، سەنمۇ گۇناھكارنىڭ بالىسى. نېمىشقا دەمسىنا؟ قانچە گۇناھ بولسا، بولسۇن ناخشا بىلەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچرىغاندىن كۈنۈمدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز» ... «ئازار بەرمىسلە! مېنى ئايىسىلا! — دەپ موماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بوۋايغا يالۋۇردى، — مۇنداقمۇ بالا ئەمەستى، بىلىكىگە قىزىل تاقاپ، ئۇنىمۇ - بۇنىمۇ كونا دېگۈزۈپ، ئۇسسۇل بىلەن ناخشىغا ئۆچ قىلىپ قويدى بالىنى».

مانا بۇ دىئالوگلاردىن بىز بوۋاي بىلەن موماينىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى كونكرېت ھېس قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ساپ ئەقىدىسىنى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭدەك پالتاخۇننىڭ ئاتىلىق غۇرۇرى ۋە بالىغا بولغان مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىسى بىلەن موماينىڭ ئانىلىق مېھرىبانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى پەرقلەرنىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز......

# «سوتتا» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. رومانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەزمۇنى

«سوتتا» ناملىق بۇ دەرس تېكىستى گوركىينىڭ «ئانا» رومانىدىن ئېلىنغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى روسىيىگە يۆتكەلدى. 1903 - يىلى روسىيە سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي پروگراممىسى ماقۇللاندى. 1905 - يىلى بۇ پارتىيىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى ھەم لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلارنىڭ ئىنقىلاپتىكى ستراتېگىيىسى بەلگىلەندى. بولشېۋىكلار پارتىيىسى تۈرلۈك بۇرژۇئا دېموكراتىك پارتىيىلىرىدىن پەرق قىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلغانلىقى روسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. 1905 - يىلى روسىيىدە چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى پارتلىدى، بۇ ئىنقىلاب ئۇنى ئايىغا

داۋاملاشقان نامايىش، ئىش تاشلاش، قوراللىق قوزغىلاڭ-
لارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن روسىيىنى تىترىتىۋەتتى. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى بيۇروكرات ستولىپىننىڭ باش مىنىستىرلىكىدىكى ھاكىمىيەت دەۋرى باشلاندى. ستولىپىن چار پادىشاھىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغداپ، پۈتۈن مەملىكەتكە قانات يايغان ئىنقى-
لابنى غالجىرلىق بىلەن باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب دولقۇنى ۋاقىتىنچە پەسەيدى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىن پرولېتارىيات قوزغىغان ئەڭ زور ئىنقىلاب بولۇپ، لېنىن ئۇنى ئۆكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ «ئومۇمىي مانېۋىرى» بولدى دەپ باھالىغان ئىدى.

گوركىي مۇشۇ ئىنقىلابتىن كېيىنلا «ئانا» روما-
نىنى يېزىپ چىقتى. گوركىينىڭ روسىيە ئىشچىلار ھەرى-
كىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى، لېنىن بىلەن تونۇشۇپ، بولشېۋىكلار پارتىيە-
سىگە كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىسى بىلەن قوراللىنىشى «ئانا» رومانىدەك دەۋر بۆلگۈچ نادىر بىرئە-
سەرنى يېزىپ چىقىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلى-
غانىدى. «ئانا» رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى كەڭ ئاممىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئىلھام ۋە تەربىيە، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە نىسبەتەن قاتتىق زەربە بولۇپلا قالماستىن، شۇ چاغدىكى پۈرسەتپەرەسلەر، ئۈمىد-
سىزلىك كەيپىياتىنى تارقاتقۇچى مېنشېۋىكلارغىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لېنىن «ئانا» رومانىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئانا» رومانى «ئىنتايىن

دەل ۋاقتىدا چىققان كىتاب»، «بۇ ناھايىتى زۆرۈر كىتاب، نۇرغۇن ئىشچىلار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ، ستىخىيىلىك ھالدا قاتناشقانىدى. ھازىر ئۇلار «ئانا» رومانىنى ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت ئالالايدۇ» دەپ باھا بەرگەنىدى.

«ئانا» رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ئاساسەن ۋىلاسوۋلار ئائىلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، قېرى ۋىلاسوپ تېخى ئويغانمىغان ئالدىنقى ئەۋلاد ئىشچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ياش پاۋىل ۋىلاسوپ قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ تۈرتكىسى، ماركسىزملىق بىلىمگە ئىگە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ تەسىرىدە ۋە كەسكىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە ئويغىنىپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاڭلىق ئىنقىلابچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. روماندىكى ئاساسىي پېرسوناژ پاۋىلنىڭ ئانىسى نىلوۋنا بولۇپ، ئۇ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئويغىنىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئىنقىلابچى پاۋىلنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى مۇناسىپ «ئانا»سىغا ئايلىنىدۇ.

ئومۇمەن روماندا XX ئەسىرنىڭ بېشىدا لېنىن ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ستىخىيىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشتىن قانداق قىلىپ ئاڭلىق سىياسىي كۈرەشكە ئۆتكەنلىكى، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابتىكى ئىتتىپاقلىقى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب-

تىمكى رەھبەرلىك رولى، ئىنقىلابنىڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىشتەك مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىدەك دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

گوركىي «ئانا» رومانىنى سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنىڭ مۇكەممەل ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. رومانىنىڭ ئاخىرىسىدا ئىنقىلاب گەرچە ۋاقىتىنچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابىي ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى كۈنسايىن ئويغىنىۋاتقانلىقى، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق كۈرەشكە ئاتلىنىپ ئىنقىلابنى ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان كۈچ بولۇپ قايتا تەشكىللىنىش - زورىيىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ستراتېگىيەلىك چېكىنىش ھاسىل قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى مۇقەررەر خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچ چاقناپ تۇرىدۇ.

رومان ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى قىسىمدا پاۋىل باشچىلىقىدىكى ماركسىزملىق گۇرۇپپىنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پەيدىن - پەي ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ قىسىمنىڭ ئاخىرى 1 - مايدىكى نامايىش، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق ساقچىلار قوشۇنى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىشى ۋە بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئىككىنچى قىسمىدا ماركسىزملىق گۇرۇپپىنىڭ ئامما ئىچىدىكى خىزمىتى ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى، قولغا ئېلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىغا كىرىپ كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۇمىدۋارلىق روھىنىڭ ئۇرغۇپ تېشىشى، پاۋىلنىڭ سوتلىنىشى ۋە سوتتا قىلغان سۆزى، ئاخىردا سۈرگۈنگە ھەيدىلىش قاتارلىق ۋەقەلەر ۋە ئانىسىنىڭ ئىنقىلابچى بولۇپ مەيدانغا چىققانلىقى ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

«سوتتا» دېگەن بۇ تېكىست رومانىنىڭ 2 - قىسمىنىڭ كولىمىناتسىيىسىدىن ئېلىنغان. بۇ تېكىستتە پارتىيەنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاڭلىق ئىنقىلابچى پاۋىلنىڭ چارروسىيە قانۇنىنىڭ ساختىلىقىنى، سوت، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىگەن قەھرىمانلىق جاسارىتى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. پاۋىل ئۆزى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئوچۇق سوتنى چارروسىيە مۇستەبىت تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان سوت، ئەدلىيە، ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئەيىبلەيدىغان ھەققىي سوت مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

پاۋىل باشلىق ئىنقىلابچىلار سوتتا پروكورورنىڭ چاك - توپىدەك ئۈستى - ئۈستىلەپ يېغىپ تۇرغان ئەيىبلەش سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا قىلچىمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ. بەلكى خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، گايىدا كۈلۈپ مەسخىرە قىلىدۇ. پاۋىل پروكورورنىڭ بىمەنە ئەيىبلىشىنى، ئادۋوكاتنىڭ ۋە سودىيەلەرنىڭ ساختا

نىقابىنى ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلايدۇ.

ئۇ سوتنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى قەتئىي ھالدا جاكارلايدۇ، «بىزنىڭچە، مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئېلىمىزنى كىشەنلەپ تۇرغان بىردىنبىر زەنجىر ئەمەس، ئۇ پەقەت بىز ئەڭ ئاۋۋال خەلقنىڭ بوينىدىن ئېلىپ تاشلايدىغان زەنجىردۇر ...» دەپ، ئۆز مۇددىئاسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ غەيرىي ئاۋازىدىن باياتىن بېرى ئۈگدەپ ئولتۇرغان زال ئىچى جانلىنىپ كېتىدۇ. پاۋىل «بىز سوتسىيالىزمچىلارمىز. يەنى بىز خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ دۈشمەنلىرىمىز» دەپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى بىرمۇ بىر تەھلىل قىلىپ، ماركسچە - لېنىنچە سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆتكۈر تىللىرى بىلەن شەرھلەيدۇ. «ئادەملەرگە پەقەت بايلىق توپلايدىغان قورال دەپ قارايدىغان جەمئىيەت ئىنسانىيەتكە قارشى جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەت بىزگە دۈشمەندۇر.» دەپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلچە چىقىشقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى، ھەققانىيەت يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلار، ھەرگىز توپىلاڭچىلار ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

پاۋىل سوتتا ئارقا - ئارقىدىن كۈچلۈك ئىنقىلابىي نەزەرىيە ۋە داۋىلارغا ئىگە ماركسىزمچە كۈرەش قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بىز ئىنقىلابچىلارمىز، بىز بىر قىسىم كىشىلەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان، يەنە بىر قىسىم

ئادەملەر جاپا چېكىپ ئەمگەك قىلىدىغان ئەھۋال يوقال-
مىغۇچە ئىنقىلابنى توختاتمايمىز» دەپ جاكارلايدۇ.

پاۋىل ماركسىزملىق ئاڭغا ۋە ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە ئىگە ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ئىكەنلىكىنى، كۆرەش نىشانىسىنى ئېنىق بەلگىلىۋالغان ۋە بۇنىداق ئۇلۇغۋار ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان قەھرىمان جەڭچى ئىكەنلىكىنى سوتتىكى مۇشۇ جەسۇرانە نۇتقىدىن تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ سۆزلىگەندە قىلچە ھودۇقۇپ، دۇدۇقلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى پۈتۈن زالدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئانا ۋە ئۆزىنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ قەلبىگە يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ، ئۇنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە، بۇ يولنىڭ چوقۇم يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئارتتۇرىدۇ. رومانىنىڭ ئالدىنقى قىسىم بابلىرىدا ئىنقىلابىي جەڭچى پاۋىلنىڭ ئىنقىلابىي ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قورقماس ئەر - يۈرەكلىكى، ئۇ لېنىن ۋە ئۇنىڭ پارتىيەسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان ئاڭلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولۇپ، ئۇتتەك قىزغىن كۆرەش ئىچىدە قانداق ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى تولۇق نامايان قىلىنغاندى. «سوتتا» ناملىق بۇ باب پاۋىلنىڭ ئىنقىلابىي خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ، بىز بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس باتۇرلۇقىنى، ئىنقىلابىي داۋلىغا باي، ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدىغان قەيسەر جەڭچى ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. تېكستنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ پارچىدا سوت مەنزىرىسى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن.

1) ئاپتور ئۇچۇق سوت يىغىنىدا پروكورور، سودىيە-لەرنىڭ ئەيىبلەش سۆزلىرىنى بىۋاستە سۆزلەتكۈزمەي، بۇ سۆزلەرنىڭ زالدا ئولتۇرغان كىشىلەرگە ۋە سوت ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن تەسىرى ئارقىلىق پىرو-كورور ۋە سوت يىغىنىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ سوت ھۆكۈ-مىنى چىقىرىشتا قىلچە ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن ئۆز سەپەتلىرىنى قانۇن - تۈزۈم ئورنىغا دەسسىتىپ، ناھەق ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلىقىنى ماھىرلىق بىلەن ۋاسىتىلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

2) ئاپتور بۇبابتا پاۋىلنىڭ سوت جەريانىدىكى مەردانە سۆزلىرىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇق سوتنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، چاررۇسىيە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى، قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ساختىلىقىنى كۈچلۈك ئېچىپ بەرگەن، پاۋىلنىڭ ھەققانىيەت چاقناپ تۇرغان نۇتقى ئەمەلىيەتتە سوت، سودىيەلەرنى جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈ-رۈپ قويۇپ، پۈتۈن زالنى تىترەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. سوت مەيدانىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ (بولۇپمۇ ئانىنىڭ) كەيپىياتى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىدىكى ئوخشىمىغان تەسىراتلارنى يېزىش ئارقىلىق، چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا مات بولۇپ، رەسۋاسىنىڭ چىققانلىقىنى، ئىنقىلاب-

چىلار گەرچە كۆرۈنۈشتە سۈرگۈنگە ھەيدەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سوتتا غالىب كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يولۇق، ئادىل ئىش ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىپ، خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلىدۇر.

3) ئاپتور ئەسەر قەھرىمانلىرىنى ئۆز خاراكتېرلىرىغا ماس تىل بىلەن سۆزلىتىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تولۇق ئېچىش بىلەن ھەر بىر پېرسوناژنىڭ مۇستەقىل ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، پاۋىلنىڭ نەزەرىيىۋى داۋلى، ئىنقىلابىي كۈرەشچانلىق روھ ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزلىرى ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، رەڭگى سارغايغان يىگىتنىڭ: « — نومۇس قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر! مەن بىر قارا تۇرۇك ئادەم بولساممۇ، نېمىنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن! — دەپ ئۇ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يىراقتىكى بىر نەرسىگە تىكىلىپ قارىغاندەك كۆزىنى قىسىپ، ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدى. ......... — قويساڭلارچۇ سىلەرنى ......» دېگەن سۆزلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ بىلىم، ئىقتىدار جەھەتتىن پاۋىلغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاندرېنىڭ نەق ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىپ سۆزلەپ، دۈشمەنلەرنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ تاشلىشى ئۇنىڭ ناھايىتى كەسكىن، ئوچۇق پىكىرلىك كىشى ئىكەنلىكىنىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

# «سىبىر تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن 1799 - يىل 6 - ئايدا موسكۋادا تۇغۇلغان، پۇشكىننىڭ دادىسى سېرگېي لىۋاۋىچ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە يىغقان. بۇ پۇشكىن ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇشكىننىڭ ئىنىگ ئانىسى ھېكايە، چۆچەك، ماقال - تەمسىل، خەلق قوشاقلىرىغا باي ئايال بولۇپ، ھەمىشە پۇشكىنغا ھېكايە، چۆچەك، خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، تۇرمۇش ھەققىدە، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. نەتىجىدە بولغۇسى شائىر كىچىك ۋاقتىدىلا تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل بىلىملىرى ۋە تەسىرلىرىگە ئىگە بولىدۇ. پۇشكىن ئون ئىككى يېشىغىچە ئائىلىسىدە فرانسۇز تىلى ئۆگىنىدۇ. كېيىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە تېز ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچى ئىۋان پۇشچىننىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1812 - يىلىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى ياش پۇشكىننىڭ يۈرىكىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتا يازغان دەسلەپكى شېئىرلىرى مەكتەپنىڭ قول يازمىلىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا تۇرمۇشتىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى

تەنقىد قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مەكتەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەچكە ئۇلار پۇشكىننى يامان كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئىمتىھانلاردىن چەكلەيدۇ. لېكىن ئۇ ھەرخىل توسالغۇلارنى تىرىشچانلىق بىلەن يېڭىپ، مەكتەپتە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ 1815 - يىلى «رۇس تىلى» دىن ئىمتىھان بەرگەندە «پادىشاھ يېزىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئىمتىھان ئاسىستىلىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىمتىھانغا قاتناشقان ئاتاقلىق شائىر دېرژاۋىن بۇشېئىردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «مەن ئۆلمەيمەن دەپ يۈرەتتىم، راست ئۆلمەيدىكەنمەن. مەن XIX ئەسىرنىڭ شائىرى بولۇپ، نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى ئېلىپ يۈرۈپتىمەن. ۋەھالەنكى مەندىن ئارتۇق ئاشۇنداق شائىر بالا مەيدانغا كەپتۇ» دەيدۇ. ئۇ مەكتەپ شارائىتىنىڭ ئۆز ئىزدىنىشلىرىگە تولۇق جاۋاب بېرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ موسكۋادىكى تارىخچى ئەربابلار بىلەن، بولۇپمۇ پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قارشى دېكابرىستلار بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىدۇ. 1817 - يىلى پېتربۇرگ تاشقى ئىشلار ئىدارىسىگە خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە زېمىن ھازىرلىنىدۇ ۋە مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى شېئىرلارنى يېزىشقا باشلايدۇ. 1820 - يىلى «رۇسلان ۋە ليۇدمىلا» داستانىنى يېزىپ، شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇب يارىتىدۇ... ئۇنىڭ ئىلغار پىكىرلىك شېئىرلىرىدىن چۆچۈگەن پادىشاھ ھۆكۈمىتى 1821 - يىلى ئۇنى خىزمەتتىن بوشىتىپ، كاۋكازغا سۈرگۈن قىلىدۇ.

پۇشكىن 1824 - يىلغىچە كاۋكاز، ئودېسسا، بېسسارابىيە قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشايدۇ ۋە سۈرگۈندە يۈرگەن دېكابرىستلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ 1824 - يىلى سۈرگۈندىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، دادىسىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. دادىسى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ، كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۇرمەيدۇ. بۇ خىل قىيىن-قىستاق شارائىت شائىرغا ئىنتايىن ئېغىر ئىچ پۇشۇقى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، مەشھۇر شېئىرىي رومانى «يېۋگېنىي-ئونېگىن» نى يازىدۇ. 1825 - يىلى ئۇنى پادىشاھ ئوردىسىغا قايتا خىزمەتكە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت پۇشكىننى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى.
پۇشكىن مۇشۇنداق قىيىن نازارەت ئاستىدىمۇ مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن بولغان كۈرەشنى توختاتماي، دېكابرىستلارنىڭ زۇلمەتلىك پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، ئىسيانكارلىق روھى تولۇپ تاشقان شېئىرى «سىبىرتۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» نى يازىدۇ. 1830 - يىلدىن باشلاپ، شائىر پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، مەشھۇر دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى پوگاچېۋنى مەدھىيىلەيدىغان «كاپىتان قىزى» پوۋېستىنى يازىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «دوبروۋسكىي»، «پىكوۋا ياداما»،«بېكەت نازارەتچىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلىدۇ. پۇشكىن 1837- يىلى يانۋار ئېيىنىڭ 27 - كۈنى پادىشاھ ئوفىتسېرى دانتېسنىڭ سۈيىقەستى بىلەن دۇئېلدا جاراھەتلىنىپ، 29 - يانۋاردا ۋاپات بولدى.

شائىر ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى شۇ يىلى يازغان «ھەيكەل» ناملىق شېئىر بىلەن توغرا يەكۈنلىگەنىدى. پۇشكىن قىسقىغىنا 26 يىللىق ئىجادىي پائالىيىتىدە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلار، باللادا، داستانلار، شېئىرىي چۆچەك ۋە شېئىر، نەسرىي رومانلار، سەھنە ئەسەرلىرى، ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغان. ئۇ رۇس شېئىرىيىتىدە شېئىرىيەتنى خەلق تۇرمۇشى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتا دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش ياسىغان شائىر. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تالانتى ۋە نامى خەلقئارادا ھازىرغىچە يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا.

شائىرنىڭ «سىبىر تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» دېگەن شېئىري ئۇنىڭ پادىشاھقا قارشى دېكابرىستلار ھەرىكىتى بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەيدانغا چىققان شېئىردۇر.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر بۇ شېئىرىدا زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ سۈرگۈندىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىنىڭ مەڭگۈ سولمايدىغانلىقىنى، ئىنقىلابنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرغاندىلا ئەركىنلىك، ئازادلىق تېڭىنىڭ جەزمەن ئاتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شائىر شېئىرنىڭ بېشىدىلا سىبىرگە سۈرگۈن قىلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىغا بولغان خەيرخاھلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ

قىيىن ـ قىستاق، بېسىم ۋە نازارەتلەرى ئاستىدا قىلچە بوشاشماي، ئۇلۇغۋار غايىلىرىدىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتىشقا چاقىرىدۇ.

سىبىر كانلىرىنىڭ چوڭقۇر تېگىدە،
چىدام ۋە غۇرۇرلۇقنى ساقلاڭلار ھەر دەم.
جاپالىق ئەمگىكىڭلار كەتمەيدۇ زايە،
ۋە يۈكسەك غايەڭلار يەردە قالماس ھەم.

شائىر شېئىرىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدا كۆرەش يولىنىڭ جاپالىق، ئەگرى ـ توقاي بولىدىغانلىقىنى، بەختسىزلىك بىلەن بەختىيارلىقنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان قېرىنداشلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەختسىزلىكنىڭ سادىق سىڭلىسى،
ئۈمىد شۇ چوڭقۇر كان تېگىدە ئىشەن.
چىللايدۇ جاسارەت ۋە شادلىق ئۇنى،
بىز كۈتكەن زامانلار كېلىدۇ جەزمەن.

دېمەك، شائىر ئۆز تەقدىرىنى ئەنە شۇ جاھالەتلىك پادىشاھ تەرىپىدىن ناھەق سۈرگۈن قىلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاپ، ئۇلارغا تەقدىرداش ۋە مەدەتكار ئىكەنلىكىنى جاسارەت بىلەن جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئىنقىلابچىلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقنى ئىپادىلىگەن كۇپلېتلىرىنىڭ قاراڭغۇ تۈرمە

لەرنىڭ تاملىرىنى بۆسۆپ ئۆتۈپ، ئەرك سۆيەر خەلققە دوستلۇق ۋە مۇھەببىتىنى يەتكۈزىدىغانلىقىنى قىزغىن ھېسسىياتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم زەنجىرلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ، زۇلمەتلىك زىندانلار گۇمران بولىدىغان، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئېسىل ئوغلانلارنى ئالقىشلاپ كۈتۈۋالىدىغان كۈننىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېئىرنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

پاچاقلاپ تاشلىنار ئېغىر كىشەنلەر
زۇلمەتلىك تۈرمىلەر قىلىنار گۇمران
سىلەرنى ئىشىكتە ئەرك ئالقىشلاپ،
قىلىچلار بېرىدۇ تۇغقانلار شۇئان.

ئومۇمەن شائىر زۇلمەتلىك پادىشاھ روسىيىسى زامانىدا تۇرۇپ، قاتمۇ - قات زۇلۇم ۋە ئاسارەت ئىچىدىن كېلەچەك بەختىيار كۈنلەرنىڭ پارلاق شولىسىنى كۆرۈپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېگىلمەي - سۇنماي قىلغان جاسارەتلىك ئىنقىلابىي كۈرىشىگە كۈچلۈك مەدەت، يۈكسەك ئۈمىد - ئىشەنچ تەقدىم قىلىدۇ.

### 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) بۇ شېئىر كۈرەشچانلىق روھ ۋە ھېسسىياتقا تولغان سىياسىي لىرىكا بولۇپ، قاراڭغۇ تۈرمە ھاياتىنى

مەركەزلىك تەسۋىرلەپ، زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن پارلاق كەلگۈسىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

2) شېئىردا چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇ، غەزەپ ۋە ئىنتىقام، ئىشەنچ ۋە ئىرادە ستىلىستىك ۋاسىتىلەر بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مەسىلەن: «شائىر ئۇمىد - بەختسىزلىكنىڭ سادىق سىڭلىسى» دەپ تەسۋىرلەپ، بەختسىزلىك ئىچىدىن بەختنى كۆرسەتسە، «سىلەرنى ئىشىكتە ئەرك ئالقىشلايدۇ» دېگەن مىسراسىدا سىبىر كانلىرىدىكى ئىنقىلابچىلارنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئاخىر ئالقىشلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

# «خامېلېئون» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ھەم ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپ 1860 - يىلى روسىيىنىڭ تاگانروگ شەھىرىدە تۇغۇلغان. چېخوپنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كىرېپوستنوي بولۇپ، دادىسى دۇكان خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. چېخوپ تاگانروگ شەھىرىدە گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1876 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوختۇرلۇق قىلغان. ئۇ دوختۇرلۇق قىلىۋاتقاندا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئاغرىق - سىلاقلىرىغا چوڭقۇر خەيرخاھلىق بىلەن قارىغان. بولۇپمۇ خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتقان نامرات ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىندىن ھېسداشلىق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە «ئەگەر پۇلۇم جىق بولسا، مانا شۇ جايدا يېزىلاردىكى ئاغرىق ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ساناتورىيە سالغان بولاتتىم» دەپ يازغانىدى. چېخوپ 1880 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. چېخوپنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى روسىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كىرېپوستنويلۇق تۈزۈم ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئەمـ
گەكچى خەلق ئىنتايىن نامرات ۋە قـاششاقلىق تـۇرمۇشقا
چۈشۈپ، ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى. چېخوپ دەسلەپتە
مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئەھۋال ئاستىدىكى روسسىيە تۇزۇمـ
نىڭ چىرىكلىكىنى، يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ
رەزىللىكىنى، تۆۋەن قاتلام ھۆكۈمرانلارنىڭ خۇشامەتچىلىك،
ئىككى يۈزلىمىلىكلىرىنى كۆچلۈك پاش قىلىدىغان ساتىـ
رىك ھېكايىلەرنى يازغان. مەسىلـەن، «چىنوۋنىكنىڭ ئۆـ
لۈمى»، «سېمىز ۋە ئورۇق»، «خامېلېئـون» قـاتارلىق ئەـ
سەرلىرى ئەنە شۇنداق مەزمۇنغا ئىگە. 1880 - يىللارنىڭ
كېيىنكى يېرىمىغا ئۆتكەندە چېخوپ تـۆۋەن قاتـلامدىكـى
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئـوقـۇبەتلىك تـۇرمۇشىنـى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ھەسرەت»، «ۋانكا»، «قايغۇ» قاتارـ
لىق ئەسەرلىرىنى يازغان.

چېخوپ 1892 - يىلى موسكۋادىن 60 كىلومېتر يىـ
راقلىقتىكى مىلىخوۋ شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، دوختۇرلۇق
قىلىدۇ. ئۇ داۋالاش ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەش بىـ
لەن بىللە يەنە ئۆزىنىڭ تاپقان ئاز مىقداردىكى دەسمايىـ
سىگە تايىنىپ مەكتەپ ئاچىدۇ. يوللارنى ياسىتىدۇ. خولېرا
كېسەللىكىنى يوقىتىش ۋە ئاچارچىلىقتا قالغان خەلقلەرنى
قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ، خەلق ئۈچۈن پايدىـ
لىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىشلارنـى ئىشلەيـدۇ. بـۇ دەۋر
يازغۇچىنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن
دەۋرى بولۇپ، «ئالتىنچى پالاتا»، «ئەركە نايناق خوتۇن»،
«ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى»، «بالىخانىلىق ئۆي»، «دېھقانلار»،
«غىلاپ بەندىسى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايە ۋە پوۋېستـ

لىرىنى، «چايكا»، «ۋانيا تاغا»، «ئۈچ ئاچا - سىڭىل»، «ئالۇچىلىق باغ» قاتارلىق مەشھۇر سەھنە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. چىخوپ 1904 - يىلى ئۆزىنىڭ سوزۇلغان ئۆپكە كېسىلىدىن ساقىيالماي ۋاپات بولىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا 45 ياشتىلا ئىدى. ئۇلۇغ رېئالىست يازغۇچى چىخوپنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈرلۈكى، بەدىئىي شەكلىنىڭ ئىخچام ۋە يۇقىرىلىقى بىلەن XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا كلاسسىك ئەدەبى- ياتىدىمۇ يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى روسىيە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، رۇس ئەمگەكچى- لىرى دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە دەس- تىدىن بارغانسېرى ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا كرېپوستنويلۇق تۈزۈم ئاللىقاچان ئەمەلدىن قال- دۇرۇلغان بولسىمۇ، ھاكىممۇتلەقلىق پادىشاھلىق ھاكىمى- يەت يۇقىرى قاتلام فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى يۆلەپ، ئۇ- لارنىڭ جەمئىيەتتە خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلى- شىغا كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇپ تۇراتتى. فېئودال- لار سىنىپى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى- دىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى چىرىكلىشىش، چۈش- كۈنلىشىشتە چېكىگە يېتىپ، ئۆزىدىن تۆۋەنكىلەرنى خالى- غانچە بوزەك قىلىدىغان، ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئال- دىدا قۇللارچە خۇشامەت قىلىدىغان ئۆكتەملىك، بۇلاڭچى- لىق، خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئالدامچىلىق قا- تارلىق رەزىل ئىللەتلەر جەمئىيەتتە يامراپ كەتكەنىدى. چىخوپ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا روسىيە پادى-

شاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئەنە شۇ خىل چىرىكلىكىنى، يۇقىرى
قاتلام ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بارغانسېرى رەزىللىشىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك پاش قىلىدىغان ساتىرىك ھېكايە-
لەرنى يازغانىدى. يازغۇچىنىڭ «خامېلېئون» ناملىق ھې-
كايىسى ئەنە شۇنداق تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش
قىلغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە ساقچى باشلىقى ئاچىملوۋنىڭ «ئىت چىش-
لىۋېلىش دېلوسى» نى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۆزگىرىش-
چان پوزىتسىيىسىنى تېما قىلىش ئارقىلىق مۇستەبىت
چارروسىيە ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى
ئېزىش ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئۆزىدىن
تۆۋەنلەرگە خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىپ، يۇقىرىدىكى-
لەرگە قۇللارچە خۇشامەت قىلىدىغان چىرىك تۇرمۇش
پەلسەپىسىنى ھەجۋى يول بىلەن پاش قىلىپ، چارروسىيە
ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھې-
كايىنىڭ «خامېلېئون» دېگەن ئىسمى ئەسەرنىڭ مەركىزىي
ئىدىيىسىنى ئىنتايىن روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. خامېلېئون
بىر خىل كەسلەنچۈكنىڭ رۇسچە نامى بولۇپ، ئۇ باشقا
ھايۋانلارنىڭ زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن
قوغدىنىش ئۈچۈن رەڭگىنى ئۆزى يۈرگەن جايدىكى
ئوت - چۆپلەرنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ
تۇرالايدۇ. ئاپتور خامېلېئوننىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىدىن
پايدىلىنىپ، كونا روسىيىدە ئىنتايىن ئېغىر ھۆكۈم سۈر-

گەن ئىككى يۈزلىمىلىكنى، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۆچلۈكلەرگە قۇللارچە خۇشامەت قىلىدىغان رەزىل قىلىق-لارنى ئادەم يىرگەنگۈدەك دەرىجىدە پاش قىلىدۇ.

### 3. ھېكايىدىكى ئاچىملوۋ ئوبرازى

ئاپتور يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەكسىيەتچى پادىشاھلىق تۈزۈم شارائىتىدىكى روسىيە جەمئىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۆچلۈكلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىكتىن ئىبارەت فېئوداللىق تۈرمۇش پەلسەپىسىنى ئاچىملوۋ ئوب-رازىغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئاچىملوۋ شامالنىڭ ئۆزگىرى-شىگە قاراپ ئىش كۆرىدىغان، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلار-دىن مەھرۇم بولغان بىر مەخلۇقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقچى باشلىقلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندىكى ئاممىغا خالىغانچە زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم «تەرتىپ تەكشۈرۈش» باھانىسى بىلەن كوچىغا چىقىپ، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئۆزى ياقتۇرغان نەرسى-لەرنى جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا چىققان جېدەل - ماجىرالارنى ھەل قىلىشتىن پايدىلىنىپ نەپ ئالىدۇ. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆكتەم-لىكىنى تولا كۆرۈپ كەتكەچكە، ئۇ بازارغا چىقىشى بى-لەن بىرەر چاتاققا يولۇقۇپ قالمايلى دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئاچىملوۋلار بازارغا چىققان ۋاقىتىدىكى «جىمجىت-لىق ئەھۋالى» ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئاپتور ئاچىملوۋنىڭ ئۆكتەملىكىنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەپ، چارروسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ بوزەكىنى بوزەك قىلىدىغان تۇرمۇش پەلسەپىسىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىقلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ھىمايە قىلىپ، ھېچقانداق تەپتارتماستىن ئوچۇق - ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ.

بىر كىشىدە ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىق خاراكتېر بولىدىكەن، ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلىشقا ھەققىم بار دەپ تونۇيدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ھەقلىق دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا قۇللارچە خۇشامەت قىلىشى مۇقەررەر. شۇنداقلا ئۇلار ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىغا خۇشامەتچىلىك قىلىش بىلەن ياشىماي مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، فېئوداللىق ھاكىممۇتلەقلىق، پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ چىرىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئاچىملوۋ نەق مۇشۇ خىل تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. ئاپتور ئاچىملوۋنىڭ رەزىل خاراكتېرىنى ئۇنىڭ «ئىت چىشلەش دېلوسى» نى بىرتەرەپ قىلىشتىكى ئۆزگىرىشچان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پەلسەپىۋى پىكرىنى جانلىق ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

ئۇ «جىنايەتچى» ئىتنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈش، «دېلونى بېكىتىش» جەريانىدا بەش قېتىم ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاستىغا ئۇنىڭ «نەپكە ئىگە بولۇش» تىن ئىبارەت ئاچكۆزلۈكى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ ئىتنىڭ ئىگىسى

ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئادەم بولسا، ئۇنى «قانۇن بويىچە» جازالاپ، جەرىمانە قويۇپ، ئۆزىگە نەپ ئۇندۇرۇ- ۋېلىشنى ئويلايدۇ؛ ئىتتىنىڭ ئىگىسى ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرال قاتارلىق ئادەملەر بولۇپ قالسا، ئۇلارغا ياخشىچاقلىق قىلىپ، ئىنئام ئېلىش، ئەمەلدارلىق ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆسۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاپتور ھېكايىسىدە ئاچىملوۋ ئوبرازىنىڭ ئەنە شۇنداق رەزىل خاراكتېرىنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىكى كىچىككىنە ۋەقەگە تۇتقان ئۆزگىرىشچان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاپ، ئەكسىيەتچى پادىشاھلىق ھاكى- مىيەت قولچوماقلىرىنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرىنى، ئار - نو- مۇسنى يوقاتقان رەزىل مەنىۋى قىياپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن كۈلىدۇ.

ئاچىملوۋ ئىنتايىن ھەجۋى خاراكتېرلىك كىشى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىرى كومېدىيىلىك تۈس- تە بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىتابخان ئاچچىق، مەسخىرىلىك كۈلۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاچىملوۋ پادى- شاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھەممە ساختىلىقلىرىغا سادىق بولغان ئەڭ يىرگىنچلىك خاپىلېنوندۇر دەيمىز. ئاپتور ئۇنى دەبى- دەبىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئىچىدە ئەمەس، ئاددىي لې- كىن تىپىك ۋەقەلىك ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ھاكىمى- مۇتلەقلىققا تايانغان كرىپوستنويلۇق روسىيە جەمئىيىتى- نىڭ ۋە بۇ جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ چىرىپ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىپ، كىتابخاندا بۇخىل رەزىللىككە قارىتا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ئويغىتىپ، ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان روسىيە پادىشاھلىق

تۇزۇمنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) چىخوپنىڭ ھېكايىلىرى ئىخچاملىقى، ئاددىيلىقى ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. بۇ ھېكايىسىدىمۇ ئالاھىدە چوڭ ۋەقەلەر تەسۋىرلەنمىگەن. پەقەت «دېلونى سوراق قىلىش» تەك ئاددىي بىر كۆرۈنۈش ئارقىلىق پۈتۈن بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئۇستىلىق بىلەن تىپىكلەشتۈرۈپ ئېچىپ بەرگەن.

2) ئەسەرنىڭ ئىسمى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ مۇكەممەل سىمۋولى تەرىقىسىدە تاللىنىۋېلىنغان.

3) ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر ھەرىكەت، ھەر بىر ۋەقە، ئىشلىتىلگەن ھەر بىر سۆز ۋە ئۇقۇملار كۈچلۈك ھەجۋىلىككە ئىگە بولۇپ، ھېكايىدە مەسخىرە قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ خاھىشى ھەرىكەت، كۆرۈنۈش، تەپسىلات ۋە ئۇقۇملار ئىچىگە ئورگانىك يوسۇندا سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئاپتور ئاچىملوۋلارنىڭ قاتارلىشىپ بازارغا چىققانلىقىنى ۋە قولىدىكى بوپىسىنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يېمەكلىك ئىزدەپ يۈرگەن ئىككى لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىرگىنچىلىك ئەپت - بەشىرىسىنى؛ بازارنىڭ «جىمجىت، ھېچكىم يوق ...» كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئامىنىڭ بۇ ئۆكتەملەردىن تويغانلىقىنى مەنزىرە تەسۋىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ كۆرسەتكەن. «ھەتتا گادايلارمۇ يوق» دېگەن جۈملە

ئارقىلىق ئەينى دەۋردە گادايلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بوقلۇقى-نى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتە كونىدىن - كونىغا كۆپىيىپ كوچىلاردا يامراپ يۈرگەن گاداي - مۇساپىرلارنىڭمۇ زورا-ۋان ساقچىلارنىڭ كاشىلىسىغا يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «ئىت چىشلەش دېلوسى» ئەسلىدە سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىش ئىدى. ئەمما ئاپتور «مۆھتەرەم ساقچى باشلىقى» ئۇنى «تەرتىپ-سىزلىك» دەپ «جىددىي قاراپ»، ئېغىر بىر دېلونى تەك-شۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندەك پوزىتسىيىدە تەكشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، پادىشاھ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شۇنچى-لىك ئاددىي ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ئەستايىدىل مۇئا-مىلە قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدەك چوڭ ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويماستىن، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزلىرىنىڭ پارازىت تۇرمۇشىنى، ئاچكۆز نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسى-تىدە يۈرگەنلىكىنى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلى-كىنى كۈچلۈك كىنايە ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئاپتور «ئىسسىپ كېتىپ پەلتونى سېلىۋېتىش»، «بەدىنى شۈركۈنۈپ پەلتونى كىيىۋېلىش» قاتارلىق ھەرى-كەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاچچىملوۋنىڭ ھەم ھودۇ-قۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەم قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئاپتور كىچىككىنە كۈچۈكنىڭ «دۈشمەن» دەپ قارى-لىپ، «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنى» بايان قىلىش ئارقىلىق

جەمئىيەتتىكى تەرتىپسىزلىك، نامۇۋاپىقلىقنىڭ ھەقىقىي
سەۋەبچىسىنى قايرىپ قويۇپ، ئەرزىمىگەن نەرسىلەرگە
ئېسىلىۋېلىپ، كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىۋاتقان پادىشاھ قا-
نۇنىنىڭ ساختىلىقىنى ئاشكارىلىغان. قىسقىسى، ئەسەرنىڭ
ھەر بىر ئاددىي دېتالىغا چوڭقۇر كىنايە يوشۇرۇنغان بو-
لۇپ، كۈچلۈك كومېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇنىڭدىن
چىخوپنىڭ ماھىيەتنى يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆز،
ھەرىكەت، روھىي ھالەت تەسۋىرىگە، مەركىزىي ئىدىيىنى
ئىنتايىن جايىدا ئېچىپ بېرىشكە ئۇستا، خاراكتېر يارىتىشقا
ماھىر يازغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

# «ئىلىم تاپماي ماختانما» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. شائىر ئاباي قۇنانبايوپ توغرىسىدا

شائىر ئاباي قۇنانبايوپ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر شائىرى.

ئاباي 1845 - يىلى سوۋېت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى شەمەي ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاباي ناھىيىسىنىڭ شىڭغىستاۋ قىشلىقىدا باي چارۋىدار، مەنسەپدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاباي ئون يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. كېيىن شەمەي شەھىرىگە بېرىپ، ئۈچ يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاباي تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق بالا بولغاچقا، ئادەتتىكى دىنىي ئوقۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئەرەب، پارس، چاغاتاي ئەدەبىي تىللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مۇشۇ تىللاردا يېزىلغان سەئدى، خوجاھافىز، نىزامىي، ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. كېيىن يەنە ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ رۇس تىل يېزىقىنى ئۆگىنىپ، رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، چېخوپ، تولستوي قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى، دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي، گېرتسېن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز دەۋرىگە لايىق

ئۇلغار ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىگە ئىگە بولغان ۋە رۇس تىلىدىن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئاباي كىچىك چېغىدىلا ئۆز ئاۋۇلى ۋە شەمەي شەھىرىدىكى قازاق، رۇس ۋە باشقا مىللەت ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ دەرت - ھەسرىتىنى بىۋاستە چۈشىنىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان. نەتىجىدە ئۇ باي، ھۆكۈمران ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىگە قارىماستىن، ئاتىسىنىڭ زوراۋانلىق - ئۆكتەملىك قىلمىشلىرىغا نەپرەت بىلەن قاراپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئاشكارا ھالدا قوغدىغان.

ئابايىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىپ ھاسىل قىلغان مول ئەمەلىي بىلىملىرى بىلەن ئىلغار يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىدە توپلىغان بىلىملىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش قارىشى بىلەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ۋە يۈكسىلىشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شۇڭا ئاباي ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تالانتلىق خەلقپەرۋەر شائىر ئەسەرلىرىدە قازاق ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىغا چىندىن ھېسداشلىق قىلىپ، قازاق فېئودال چارۋا ئىگىلىرى، بولۇس، زەڭگى قاتارلىق مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ قەبىھلىۋازلىق، گورۇھۋازلىق، ھوقۇق - مەنسەپ تالىشىپ قىلغان

تىنىمسىز ئۇرۇش ـ تالاشلىرىنى، خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان زۇلۇم ۋە زورلۇقلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ، قازاق خەلقىنى مۇشۇنداق تۈگىمەس جەبىر ـ زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش، قازاق ئېلىنى مەدەنىيەتلىك ئەللەر قاتارىغا يەتكۈزۈش ئارزۇسىنى نامايان قىلىدۇ. ئاباي قازاق خەلقىنىڭ قالاق فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىدىن تاشقىرى نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئېغىر بولغانلىقى دەپ تونۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە، ئىلغار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۆگىنىپ، قاششاقلىق، نادانلىقتا پاتقان تۇرمۇشنى پاتراق ئۆزگەرتىپ، قازاق خەلقى ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش يارىتىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئاباي پۈتۈن ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى شېئىرىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، قازاق يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالدى ھەم قازاق ئەدەبىياتىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى بولۇپ قالدى.

### 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

«ئىلىم تاپماي ماختانما» دېگەن شېئىر ئابايىنىڭ ئىلىم ـ پەننى تەشنالىق بىلەن ئۆگىنىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىرى. شائىر بۇ شېئىرىدا ئىلىم ـ پەنگە بولغان چوڭقۇر لىرىك تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشنىڭ ئەھمى

يىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ياشلارنىڭ ۋاقىتنى بوشقا ئۆت-كۈزمەي، ئىجتىھاتلىق بىلەن ئۆگىنىپ، تۇرمۇشنى گۈللەن-دۈرۈشكە ئەمەلىي كۈچ قوشىدىغان ئىقتىدارىنى يېتىل-دۈرۈپ، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە دانا كىشىلەر-دىن بولۇپ چىقىشىنى قىزغىن تەشەببۇس قىلىدۇ.

شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا بىلىمسىز كىشى-لەرنىڭ قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ ماختىنىشلىرىنى تەنقىد قىلىپ، دانا كىشىلەردىن كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۆگىنىش-كە چاقىرىدۇ.

ئىلىم تاپماي ماختانما،
ئورۇن تاپماي بابلانما،
كېرىلىپ بەك شادلانما،
بىكار ئويناپ كۈلۈشكە.

ئۇ ۋاقىتلاردا فېئوداللىق قالاق ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن قازاق ياشلىرى ئىچىدە ئەتىدىن - كەچكىچە ئات مىنىپ، سەيلە - ساياھەت قىلىش، ئوغلاق تارتىپ ئات چېپىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئارىلاپ قىمىز ئىچىپ، ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئومۇم-لىشىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى يوق ھېسابىدا بولغاچقا، ياشلار كىچىكىدىنلا بىكار يۈرۈپ تاماشا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بەختى ھېسابلايدىغان پاس-سىپ قاراشلار مەۋجۇت ئىدى. خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئارزۇسى يولىدا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن ئۇلۇغ شائىرنىڭ مۇنداق مەنىسىز، خەلق

هاياتىغا قىلچە پايدىسى يوق، بىمەنە ھەۋەسلەرگە بېرى-
لىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان پاسسىپ قىلىقلارغا ئىچى قايىنى-
ماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر شېئىرى-
نىڭ كېيىنكى داۋامىدا ئۆز كىتابخانلىرىغا ئۇستازلارچە
تەلىم بېرىپ، «بەش نەرسىدىن يىراق بولۇپ»، «بەش
نەرسىگە ئاشىق بولۇش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يىراق بولۇشقا تېگىشلىك بەش نەرسە نېمە؟

1) كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش، 2) يالغان
ئېيتىپ باشقىلارنى ئالداش، 3) ماختانچاقلىققا بېرىلىپ،
روھىي غالىبىيەتچىلىك قىلىش، 4) ئۈنۈملۈك ئەمگەك بى-
لەن شۇغۇللانماي، ھۇرۇنلۇق قىلىش، 5) بىكاردىن - بىكار
مال چېچىپ، ئىسراپچىلىق قىلىش.

شائىر بۇ بەش نەرسىنى ئىنسان بالىسى ئۈچۈن
«بەش دۈشمەن» دەپ تەكىتلەپ، ھەر قانداق كىشىنىڭ
ئۇنى ئۆزىدىن تازىلىۋېتىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شائىر-
نىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

ئالغا باسار ياشلار ئاشىق بولۇشقا تېگىشلىك بەش
تۈرلۈك خىسلەت قايسىلار؟

ئىزدىنىش روھىغا ئىگە جىگەرلىك ياش ئۈچۈن ئەڭ
ئالدى بىلەن قىممەتلىك بولغىنى ھاياتتا ئۇلۇغۋار غايە
تىكلەش! ئۇلۇغۋار غايە خەلقنىڭ مەنپەئىتى، جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلانغاندىلا ياشلاردا قۇدرەتلىك
ھاياتىي كۈچ پەيدا بولۇپ، ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ،
چاتقاللىق ئىچىدىن يول تېپىپ ماڭالايدۇ. غايە بولغان
ئىكەن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق بى-

لەن ئەمگەك قىلىش لازىم. بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلەشتە
مۇستەقىل ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەك بولماي تۇرۇپ،
هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت
ياراتقان قىممەتلىك تەپەككۇر بايلىقلىرى بىلەن قوراللىـ
نىش، ئۇ ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
هەسسە قوشۇش، خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى
گۈللەندۈرۈپ، قالاق، نادان تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
كۆرەش قىلىش — مانا بۇلار شائىرنىڭ ياشلاردىن كۈتكەن
ئۈمىدى. شائىر بۇ بەش پەزىلەتنى بىر كىشىنىڭ «ئادەم
بولغان - بولمىغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى» تەرىقىسىدە
يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى
ياخشىلاش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ياشلارغا بېغىشلىغانلىقىنى
گۆرگىلى بولىدۇ. ياشلارنى ئويغىتىپ، تەربىيىلەپ، بىلىم
بىلەن قوراللاندۇرغاندىلا، ئۇلار كونا، قالاق ئادەملەردىن
پەرقلىنىپ، جەمئىيەتنى ياخشىلايدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى، نادان، مۇتەئەسـ
سىپ قېرىلارنىڭ ئورنىنى بىلىملىك ئىلغار ياشلار ئىگىلەپ،
گۈللەنگەن جەمئىيەت مەيدانىغا كېلىدۇ. مانا بۇلار شائىرـ
نىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقـ
چى بولغان غايىسى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ دانا پىكىرلىرىنى
كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش ۋە
غەيرەت ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ:

ئالىم بولماق نىيىتى
بالىلىقنى قويساڭ سەن،

بولمىساڭمۇ ئوخشاپ باق
بىر ئالىمنى كۆرسەڭ سەن.

دەپ قىزغىن ئۈمىد بىلەن تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ پىكىرلەر خۇددى خەلق ماقال - تەمسىللىرىدەك يىغىنچاق ۋە ئۆتكۆر پەلسەپىۋى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئىجتىھاتلىق كىشىنىڭ يۈرىكىدە ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش ئىشتىياقىنى ئويغاتماي قالمايدۇ.

ئۇنداق بولماق نەدە دەپ
ئېيتما ئىلىم سۆيسەڭ سەن.
ئىلىم بېرەر كىم ساڭا
يانماي تۇرۇپ ئۆچسەڭ سەن.

دېمەك، شائىر ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا ھەر قانداق ئۈمىدسىزلىك، بىخۇدلۇق خاھىشلارنىڭ، «بۇ ئىشلار مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ جۈرئەت قىلالمايدىغان پاسسىپ روھىي ھالەتلەرنىڭ يارىماسلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

بىلىم ئىنسان بالىسى ئۈچۈن مال - دۇنيادىنمۇ قىممەتلىك، بىلىم ئۆگىنىش ئەقلىنى كامال تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئەقىل كامال تاپسا، توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى توغرا پەرقلەندۈرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

يامانلىق كۆرسەڭ نەپرەتلىك
كۆڭلۈڭ سوۋۇپ بەزسەڭ سەن.

ياخشىلىق كۆرسەڭ ئىبرەتلىك
ئۇنى دىلغا پۈكسەڭ سەن.

ئومۇمەن، بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ياشلارغا قارىتا يۈكسەك ئۈمىد ـ ئىشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇلارنى هاياتنى بىهۇدە زايە قىلىۋەتمەي، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يۈكسىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، يامان خۇلق ـ مىجەزلەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ، ئەخلاقلىق، غايىلىك، بىلىملىك، ئەمگەكچان ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالدىراش لازىملىقى چاقىرىق قىلىنغان.

بىراق شائىر ئابايىڭ دۇنياغا بولغان كۆز قاراشلىرى دەۋر ۋە سىنىپى چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئىۋالوتسىيىلىك تەرەققىيات قارىشىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭدا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش ۋە سىنىپى كۆز قاراش تولۇق تىكلەنمىگەچكە، فېئوداللىق دىنىي ئەقىدىلەرگە سادىق بولۇشتەك ئىدىيىۋى تونۇشلارمۇ ساقلاندى. شۇڭا ئۇ سىنىپى جەمئىيەتنى مەۋهۇم هالدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا بۆلۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مىجەز ـ خۇلقىدىكى ۋە بىلىملىك ـ بىلىمسىزلىكتىن بولغان ئىشلار دەپ بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى بۇ شېئىردىمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: ئۇ تەرغىب قىلغان «بەش ئېسىل ئىش» نىڭ ئىچىدىكى «قانائەت قىلىش»، «رەهىم قىلىش» دېگەن چۈشەنچىلەر فېئوداللىق ئەخلاق ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ئاممىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان ئەكسىيەتچى ئىدىيىۋى قاراشلىرى ئىدى. شائىر فېئوداللىق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ بۇ زەهەر-

لىرىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۆز كۆنۈكىگە قانائەت قىل»، «باشقىلارغا رەھىمدىل بول» دەيدىغان بۇ سەپسەتىلەرنىمۇ ئىلغار قاراشلىرىغا ئوخشاشلا تەرغىب قىلدى. «قانائەت» ۋە «رەھىمدىللىك» دېگەن سۆزلەر سىنىپىي جەمئىيەتتە كونكرېت سىنىپىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى مەزلۇملار سىنىپىغا رەھىم قىلمىغىنىغا ئوخشاش ئەمگەكچى ئاممىمۇ ئۆز دۈشمەنلىرىگە رەھىم قىلالمايتتى. شائىر بۇ يەردە ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق قارىمۇ قارشىلىقنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ خەلقنى ئېزىۋاتقان سىنىپىي دۈشمەنلەردىن خار - زارلىقتا ئۆتۈۋاتقان مەزلۇملارغا رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىل پاسسىپ ئىدىيىۋى قاراشلار ئابايىنىڭ شۇ جەمئىيەت ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەندە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا ساقلانغان بۇ خىل چەكلىمىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، شاكىلى بىلەن مېغىزىنى توغرا پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز لازىم.

# «تۇرمە ناخشىسى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. تاڭجارىق ۋە داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئىنقىلابىي شائىرى تاڭجارىق 1903 - يىل 15 - مارتتا كۈنەس ناھىيىسىنىڭ مەركىزى بەشتۆپىنىڭ قومۇشلۇق دېگەن يېرىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئون ياشقا كەلگەندە ئۆز يۇرتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بار - يوقى ئىككى يىللا ئوقۇغان تاڭجارىق ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن باشقا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي مال بېقىپ، ئوتۇن توشۇپ، چۆپ چېپىپ، ئائىلىسىگە قارىشىدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلەڭ ئېيتىشىش بولغان سورۇنلاردىن قالماي، خەلقنىڭ ئۆلەڭ، بېيىت، قىسسىلىرىنى ئۆگىنىدۇ ھەم ئون بىر - ئون ئىككى ياشلىرىدىن باشلاپ ئۆزىمۇ ئۆلەڭ توقۇشقا كىرىشىدۇ.

تاڭجارىق 1922 - يىلى كۈزدە (19 ياشقا كىرگەندىلا) سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ كۈرە يېزىسىدىكى شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) غا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ ئوقۇتۇش خىراجىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر يىللا ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىجتىھاتلىق بىلەن ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلىنى ۋە يېزىقىنى خېلى ئوبدان ئىگىلىۋالىدۇ. 1923 - يىلى

سوۋېتكە قېچىپ ئۆتۈپ، ئۇ يەردە يەتتە يىللىق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە قوشۇمچە رۇس تىلىنى ئۆگىنىدۇ. ئەل ئارىلاپ ئاقىن، جىرچى ۋە سۆزدە چېچەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ئۆلەڭ ئېيتىشىدۇ. 1925 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

تاڭجارىقنىڭ خەنجەردەك ئۆتكۈر ئۆلەڭ ۋە سۆزلىرىدىن دەككىسىنى يەپ يۈرگەن بايلار ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ، «قاراقچى»، «قىزىل پاچاق رۇسلارنىڭ گەپ-سۆزىنى تارقاتقۇچى» دەپ ھۆكۈمەتكە چاقىدۇ. نەتىجىدە ئۇ 1928 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، غۇلجىدىكى دوتەي يامۇلىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىدۇ. ئىككى يىل زىنداندا گۇناھسىز ياتقان تاڭجارىق خەلقنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىدۇ.

تاڭجارىق 1933 - يىلدىن باشلاپ جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، غۇلجىدا قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ ۋە تۇنجى قېتىملىق ۋىلايەتلىك قازاق تىلىدىكى گېزىتنى چىقىرىدۇ. 1940 - يىلى تاڭجارىق شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى ساقچى ئورگىنى تەرىپىدىن گۇمانلىق ئادەم دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەب بولىدۇ: بىرىنچى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، «قورال يىغىۋېلىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدۇ، «ۋېيىۋەن» (ئەزا دېگەن مەنىدە) دېگەن نام بىلەن خەلق ئارىسىغا ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ، نازارەتنى كۈچەيتىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئىمتىيازىدىن

پايدىلىنىپ، خەلقنى قورقىتىش، ئالداش، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىشلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىدۇ. تاڭجارىق مۇنداق ناھەق ئىشلارغا چىدىماي ئىلىنى باشقۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ھەم ئارمىيە ئەمەلدارى ياۋسىلىڭغا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. ئىككىنچى، شىڭ شىسەي مىلىتارىستلىرى 1937 ـ يىلدىن باشلاپلا ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن زەرەرلىك دەپ تونۇغان ئىلغار زىيالىيلار، مۆتىۋەر زاتلار، نام ـ ئابرويى بار بايلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىغان، ئىلى قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مەخسۇت قاتارلىق كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىغانىدى. ياۋ سىلىڭلار تاڭجارىقنىڭ ئەرزىنى تەكشۈرمەستىنلا ئۇنى مەخسۇت قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قاراپ، تۇيۇقسىزلا تۈرمىگە تاشلايدۇ.

1944 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ شىڭ شىسەيگە بولغان قاتتىق قارشىلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى شىنجاڭدىن يۆتكەپ، ئورنىغا ۋۇ جۇڭشۇننى ئەۋەتىدۇ. ۋۇ جۇڭشۇن كېلىش بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆز ئابرويىنى تىكلەش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئادەملەرنىڭ بىر قىسمىنى قويۇۋېتىدۇ. تاڭجارىقمۇ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، زىيالىيلار ۋە ياشلارنىڭ گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئۈرۈمچى، نەنسەن، ماناس قاتارلىق جايلاردا مەخپىي تەشۋىقات ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1945 ـ يىلغا كەلگەندە ساتقىنلارنىڭ

پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن يەنە قولغا ئېلىنىدۇ، 1946 - يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 بىتىم تۈزۈلگەندە بىتىمنىڭ روھى بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقىدىن قۇتۇلۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن مەدھىيىلەپ شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا كۈنەس ناھىيىسىنىڭ يەر - سۇ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، يول، كۆۋرۈك ياساش، ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور ھەسسە قوشىدۇ. 1947 - يىلىغا كەلگەندە ئۇزۇن ۋاقىتلىق تۈرمە ھاياتى ۋە كېيىنكى جاپالىق خىزمەتلەردە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. بىر چالا تېۋىپنىڭ دورىنى خاتا بېرىشى بىلەن زەھەرلىنىپ، ئالتە كۈن يېتىپلا شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

تالانتلىق شائىر تاڭجارىق بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىر، داستانلارنى يېزىپ، مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈمنى، زالىم بايلارنى، پارىخور ئەمەلدارلارنى، مىلىتارىست شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى كۈچلۈك پاش قىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇڭ-زارىغا ئورتاق بولۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك، تەڭلىكنى تولۇپ تاشقان ئىشتىياق بىلەن كۈيلەيدۇ. نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، قەبىلىۋازلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە، ئىناق - ئىتتىپاق ياشاپ، ئورتاق دۈشمەن گومى-

داڭ ئەكسپەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

شائىرنىڭ «ئاقىن سىرى»، «ھايات سىرى»، «ئارمىنىم مېنىڭ»، «ئۇستازىمغا»، «گۈندىپايىغا» قاتارلىق شېئىرلىرى «سادىق ۋە سالىقان»، «موللا بىلەن باخشى»، «ئانار ۋە سەۋلە»، «نازىگۈل» قاتارلىق داستانلىرى بار. ئۇنىڭ 1948 - يىلى «تۇنجى توپلام»، 1981 - يىلى «تۇرمە ھالى» قاتارلىق ئىككى توپلىمى نەشر قىلىنغان. قازاقىستاندا يەنە بىر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

«تۇرمە ناخشىسى» داستانى شېڭ شىسەي مىلىتارىستلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك باستۇرۇش، قىيناش، ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى تازا ئەۋج ئالغان 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى زۇلمەتلىك شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. داستاننىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

داستاندا شائىر شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە تارتقان دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مىلىتارىست شېڭ شىسەي جاللاتلىرىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى، ياۋۇزلۇقىنى، بىر مەزگىل ئالدامچىلىق بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ كەلگەن چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى نەزەرگىمۇ ئىلماي فاشىستلارچە ئېلىپ بارغان ئاق تېررورلۇقىنى كۆچلۈك كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قان ئىچەر دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي ئېلىپ بېرىپ، ئەكسپەتچىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتمىغۇچە ھەقىقىي ئازادلىق، ئەركىن

لىككە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ياش ئەۋلادلارنى ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

### 3. داستاننىڭ دەرسلىكتىكى ئىككى قىسمىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

دەرسلىككە «تۇرمە ناخشىسى» نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمى تاللىۋېلىنغان.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى ئۆز ئىچىدە بايان قىلىنغان پىكىرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە شائىر قايغۇ ـ مۇڭغا تولغان چوڭقۇر ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قازاق خەلقى ياشاپ كەلگەن ئىلى ۋادىسىنىڭ شۇ زاماندىكى زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. شائىر ئىت ـ ئېشەك ئورنىدا خارلىنىپ ياشىغان قازاق ئەمگەكچىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىگەندە خۇددى مىخ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋالغاندەك ئازابلىق ھېسسىياتقا چۆمۈپ، ھەسرەتلىك ئىڭراشلارغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ ئېغىر كۆڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ «ئەجەل قولۋىقىغا بىر چىقىپ ـ چۈشكەنلىكىنى»، بۇ زۇلمەتلىك زاماندا پايانسىز دېڭىزدا كېتىۋېتىپ كېمىسى چۆككەن كىشىدەك ئۈمىد ـ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇپ، «كۆڭۈل ئايدەك، تۈنى يىلدەك» ئۇزۇن بىلىنىدىغان ئېغىر كۆنلەرگە قېلىپ، چىقىش يول تاپالماي تېڭىرقاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قايسى قەست، قايسى قازا، قايسى تازا
پەرقىگە ھېچبىرىنىڭ بولماس يېتىپ.
شۇڭقارلىك كىم، سۇلتانىڭ كىم، تۇلپارلىك؟
كەتتى تەقدىر ھەممىنى بىردەك قىلىپ.
مالۇ دۇنياسى ئېشىپ، تاشقانىنى
قويدى ئاخىر تامچە سۇغا زار ئېتىپ،
بولغۇسى ئۆچمەس تارىخ ياشلار ئۈچۈن.
ئۇشبۇ بەش يىلنى تۈگەل چىقسام يېزىپ.

بۇ قىسىمنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى «ئىچ سىرىڭنى سۆزلىگەن يار - دوستلىرىڭ» دېگەن يەردىن «ئوقۇغان ياشلار بۇنى ياقتۇرسىلا» دېگەن يەرگىچە. شائىر بۇ بۆلەكتە سىياسىي زىيانكەشلىك، چېقىمچىلىق، زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن شېڭ شىسەي دەۋرىدە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نادانلىق بىلەن مال - دۇنيا ۋە شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، جىنايەتكار شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشپىيون، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، دوست - بۇرادەر، قېرىنداشلىرىنى سېتىۋېتىشتەك جىنايەتلىك يولغا ماڭغانلىقىنى، بۇنداق مەۋقەسىز مىللىي ساتقىنلار ھەرقايسى مىللەتلەردە، ھەر قايسى دەۋرلەردە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل زىيانكەشلەردىن ھوشيار بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى «مەن يېتىلدىم تاغ ئارا ئويناپ - كۈلۈپ» دېگەن يەردىن «بۇ ئۆمۈردىن بىخەۋەر قالدىم ھامان» دېگەن يەرگىچە. شائىر بۇ بۆلەك-

تە قازاقـلار ياشىغان ئىلى دالاسىنىڭ زۇلمەتلىك كۈنـ
لەرگە قالغانلىقىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.
ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش، ئۇرۇش ـ ماجىرا قىلىشىپ،
ئاز سانلىق هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ۋە هوقۇق
تالىشىشىغا ئەگىشىپ يۈرگەن تارقاق خەلقنىڭ مۇنتىزىم
قورallıق كۈچى بولغان ئەكسىيەتچى هۆكۈمـەتنىڭ دەهـ
شەتلىك باستۇرۇشىغا قارشى تۇرالىشى مۇمـكىن ئەمەس.
شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى «خـەۋپ ـ خـەتەر، ئۆلۈم ـ
يېتىمنى بىلمەي» ئۆسكەن گۆدەك ئۆسمۈرنىڭ بالىلىق
ۋاقتىغا ئوخشاش ... ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئويغىنىپ
مۇشۇنداق ئاجىزلىقلىرىڭنى تۈگەتمەيدىغان بولساڭ، بايـ
لىق، مال، مەنسەپ ئۈچۈن تالاش ـ تارتىش قىـلىپ،
قېرىنداشلىرىڭنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىپ يۈرۈۋېرىدىغان
بولساڭ شېڭ شىسەي مىلىتارىزىمىغا قۇللارچە تىز پۈكۈپ
يۈرۈۋېرىشتىن باشقا يول تاپالمايسەن! مانا بۇ شائىرنىڭ
بۇ بۆلەك ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان يارقىن
خاهىشى. شائىر بۇ بۆلەكتە چوڭقۇر مۇلاهىزە يۈرگۈزگەن
هالدا يەنە مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ.

ئويلىسام هازىر شۇلارنى بۇ ئەجەل
تۇرىدۇ گويا ماڭا قول سالغىلى.
ئەتە كەچ يادىڭدا تۇت ئۆلۈمنى سەن،
يوق ئىلاج بەندىگە ئاندىن قاچقىلى.
ياخشى ئويلان بۇ جاهان شۇنداق جاهان
كېتىسەن، ئاخىر سېنى قويماس ئامان.
قالمىغىن مەنسەپكە، مالغا ئالدىنىپ،

كېتىدۇ يۈيساڭ گوياكى كىرسىمان.

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆمۈر بىلەن ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەپ، ھەر قانداق ئىنسان تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ھامان بىر كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇڭلاشقا مەنسەپ، مالغا ئىنتىلىش ئەخمەقلىق، ئۇ خۇددى كىرگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۆلۈم قول سالغىلى ماراپ تۇرغان بۈگۈنكى ۋەھ-شىيانە جەمئىيەتتە پۇل، مەنسەپكە تېخىمۇ ئىنتەنمەسلىك كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. شائىر بۇ پىكىر، خاھىشلىرىنى ئوبراز ئىچىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نادانلىق، تارقاقلىق ۋە قاشاقلىق كاساپىتىدىن بۇنداق ھىيلە - مىكىر ۋە ئالداشلاردىن بىخەۋەر يۈرۈپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ پاجىئەلىك مىللىي زۇلمى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. گەرچە شائىر بۇ بۆلەكتە مۇشۇنداق ھايات كە-چۈرۈۋاتقان خەلقنى ئويغان دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويما-غان بولسىمۇ، لېكىن بۇ غەزەپلىك نىدالاردىن ئويغىنىپ، ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ، ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزە، دەيدىغان يارقىن تەشەببۇس ياڭراپ تۇرىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ تۆتىنچى بۆلىكى «كەلدىم ئەجدادلار قاتارى بىرگە مەن» دېگەن يەردىن بىرىنچى قىسىمنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، شائىر بۇ بۆلەكتە سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ ئېچىنىشلىق جەبىر - جاپاسىنى تارتىۋېرىپ ئويغانغان كىشىلەرنىڭ چىقىش يول ئىزلىگەن ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە شائىر بۇ يەردە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆز-

لەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شائىر ۋەكىللىكى- دىكى زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆز يولۇم تېپىپ، ماكان ۋە ئۆي تۇتۇپ،
بوسۇغىدىن چىقتىم ئاخىر تۆرگە مەن.
ئىشلىمەككە مىللىتىم خىزمىتىنى،
كەلدىم غۇلجا شەھىرى ئاتلىق گۈلگە مەن.
نە پاراغەت، نە ئازاب ئوخشاش ماڭا،
زارلىمايمەن مەيلى كەلسەم چۆلگە مەن.
بىر ئارزۇيۇم كۆرگىنىمنى ئاڭلا ئەل،
كەلدىم قانداق مۇشۇ زىندان - گۆرگە مەن.

دېمەك، «مەن» مىللەتنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە بەل باغلاپ، چىقىش يول ئىزدەپ كەلگەن «گۈل شەھەر غۇلجا» ئازادلىق، ئەركىنلىك، يولىدا كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن «زىندان»، «گۆرگە» ئايلاندۇرۇلغانلىقى- دىن ھەسرەت چېكىدۇ.

«تۇرمە ناخشىسى» كۈچلۈك ئىنقىلابىي روھ بىلەن تولۇپ تاشقان لىرىك داستاندۇر. شائىر داستانىنىڭ بى- رىنچى قىسمىدا قازاق خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر بىلەن زىچ باغلىغان ھالدا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەمئىيەت ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنداق تېپىك ئىجتىمائىي شارائىت

ئاستىدا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ رەزىللىكىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، خەلقىنىڭ، مىللەتىنىڭ غېمىنى يەيدىغان قەھرىمانلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدىن سىرتتا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «مەن» گۇناھسىز ھالدا سولاققا ئېلىنىدۇ.

داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمى «مەن» نىڭ تۈرمە ئىچىدە كۆرگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دەھشەتلىك ئازابلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قارىتىلغان.

ئىككىنچى قىسىم پىكىر ئېقىمىغا قاراپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى بۆلەكتە (دەسلەپكى ئۈچ كۇپلېت) تۈرمىگە كىرىش سەۋەبىنى ۋە تۈرمە ھەققىدىكى غەزەپ - نەپرەتلىرىنى سۆزلەيدۇ.

ئاڭلىغانغا - ئوقۇغانغا ئېيتقىلى
بار ئىچىمدە شۇ قەدەر كۆپ قايغۇ - دەرت.
ھاڭغا يىقىلىش بەك ئاسان ئادەم ئۈچۈن
ئويلىما قىيا پانا بولماس ئەبەت
سەن يېقىن كۆرگەن، كۆيۈنگەن سىرداشىڭ
ئالدىڭدىلا ساڭا كولار گۆر - لەھەت.
شىڭ دۇبەنگە قىرىقىنچى يىل بېشى،
ساتتى مېنى ئاشۇ سىرداشلار پەقەت.

ئىككىنچى بۆلەك تۆتىنچى كۇپلېتتىن ئون سەككىزىنچى كۇپلېتقىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر تۈرمىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن فاشىستلىق قىيىناش - جازالاش ئۇسۇل - چارىلىرىنى بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، قان ئىچەر شىـڭ
شىسەي جاللاتلىرى قازاق خەلقىنىلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنى ئەنە شۇنداق ۋەھشىيانە قىـيناپ،
چىداپ تۇرغۇسىز ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكەنىـدى.
دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقماي، ئالدامچىلىقىغا ئىشەنـ
مەي ھەق گەپنى قىلغان، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىـنى
ساقلىغان كىشىلەر «خەۋپلىك ئۇنسۇرلار» دەپ ئۆلـتۈرۈـ
لەتتى. قىيناشتىن قورقۇپ، يالغان ئېيتىپ، باشقىـلارغـا
تۆھمەت قىلغان مىللىي ساتقىنلاردىن يەنىمۇ چوڭ ساتقىنـ
لىققا ۋەدە ئېلىنىپ جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىلەتتى. ئۇلار
يەنە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۈرمىگە سۆرەپ كېلەتتى.
شائىر تۈرمە ئىچىدىكى مۇشۇنداق ئېغىر كۈلپەتلىك
ئەھۋاللارنى ئىنتايىن ھېسسىياتلىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ:

يوقىنى بار دېيىشكە بارمايدۇ تىلىڭ،
يالغان ئېيتساڭ كېسىلەر يولۇڭ سېنىڭ،
خۇددى ئېگەر غاجىغان يېغىر كەبى
قىينىلار ئەجەلنى كۆرگەندە جېنىڭ.

بۇ بۆلەكتە تىك تۇرغۇزۇپ ئېگىلدۈرمەسلىك، تاماق
ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قىيناش، قول يەتمەيدىغان ئېگىزلىككە
ئېسىش، تاپىنىغا تىغ سانجىش، قامچا ۋە دەررە بىـلەن
ئۇرۇش، يانپاشلىرىنى تېشىش، ئۇخلاتماي ئۇدا جازالاش،
تۆمۈر كارىۋاتقا تېڭىش ۋە قىسىش، ئۈچ ئورۇندۇققا تېـ
ڭىپ ئولتۇرغۇزۇپ، قومۇش تاياق بىلەن جازالاش، ئالىـ
قانىغا ئۇرۇش، تاختاي ئۈستىگە قېقىلغان مىخغا ئولتۇرغۇـ
زۇش، تىرناق ئاستىغا مىخ قېقىش، باشنى قىسماقتا قىـ
سىپ، ئىككى كۆزىنى چاناقتىن چىقىرىش قاتارلىق تىلغا

ئېلىنغان 12 خىل ئۇسۇلدىنلا شېڭ شىسەي فاشىستلىرىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان يىرتقۇچلارچە ئەپت-بەشىرىسىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ شائىرنىڭ بەش يىل جەريانىدا تۈرمىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرى. شېڭ شىسەي جاللاتلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىلغار كىشىلىرىنى قانچىلىك دەپسەندە قىلىپ، بىگۇناھ باستۇرغان - ھە؟!

ئاشۇ تەقلىت ئۆلدى ئادەم بىھېساب
ئۆلگەنلەرنى كۆمگەنلىرى بار ھايات.
نەچچە مىڭ گۆر تولدى ھەر كۈن كېچىسى
كەتتى ئالەمدىن ئېسىل مەردلەر ئۇزاپ.
سەن ئۇرۇمچى شەھىرىگە كەلسەڭ ئەگەر
زەن قويۇپ تۆت يېقىغا سالغىن نەزەر.
بۇ زۇلۇمنى تۇت يادىڭدا مەڭگۇ دەپ
سۆزلىگىن ھەتتاكى نەۋرەڭگە قەدەر.

شائىر ئۇچىنچى بۆلەكتە (ئاخىرقى بەش كۇپلېت) دەھشەتلىك ئازاب ۋە قىيناشلارنى ئۇنتۇماسلىقنى مۇراجىئەت قىلىپلا قالماستىن، ئەۋلادلارنى ئۆلۈمدىن قورقماي مەردلەرچە ئاتلىنىپ چىقىپ، دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا، بۇنداق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى كۇكۇم - تالقان قىلىدىغان كۈرەشكە ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

بىزمۇ ئادەم - بىزمۇ ئىنسان بالىسى
ئاتلىنايلى بەلنى باغلاپ جەڭسېرى.

ئەۋلادىمغا بۇ مېنىڭدىن ۋەسىيەت
ئىنتىقام ئالسۇن ئۇلارنىڭ ھەربىرى.

تاڭجارىق خەلقپەرۋەر، تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، قەيسەر ئىنقىلابچىدۇر. ئۇ شېڭ شىسەي زامانىسىدا قەلەم بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىپ، خەلقنى ئويغىتىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دۈشمەننى پاش قىلىش بىلەنلا قالماستىن، يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئەمەلىي قوراللىق كۈرەشكە ئۆزىنى ئاتقان. بۇنداق ئىنقىلابىي كۈرەشچانلىق روھ ۋە ئىرادە داستاندىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپقان.

## 4. داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) داستاندا ئېپىك ۋەقەلىك بىلەن لىرىك تۇيغۇ ـ ھېسسىيات بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈلۈپ، ۋەقەلىك سەكرەتمىلىك بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، شائىر دەسلەپتە داستاننى يېزىشتىكى پوزىتسىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتابخاننى ئۆز قەلىمىگە ئەگەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى يىغىنچاق، ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئۆزىنىڭ باھا، كۆز قاراشلىرىنى قوشىدۇ. بۇ ئارقىلىق قايتىلانمايدىغان تارىخنى ئەسلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مۇھىمى ساۋاق ئېلىپ، ئەمدىكى يولنى — كۈرەش قىلىش يولىنى توغرا بېسىش لازىم دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.

2) داستاندا تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر ۋەقە، كۆرۈنۈش، تەپسىلاتلار ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق گەۋدىلەن-دۈرۈلۈپ، خاھىشچانلىق توغرىدىن توغرا، يالىڭاچ ئوت-تۇرىغا قويۇلماي، كۆرۈنۈش ۋە ۋەقەلىكلەر ئىچىگە سىڭدۈ-رۈلگەن.

مەسىلەن، «قايغۇنىڭ قولۋىقىغا چىقىش»، «ئەجەل قولۋىقىغا چىقىپ چۈشۈش»، «كېمە چۆككەندەك» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر قايغۇ - ئەلەمنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە دەھ-شەتلىكلىكىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. «كۈنى ئايدەك، تۈنى يىلدەك تۈيۈلۈپ» دېيىش ئارقىلىق باشقا كەلگەن كۈلپەتلىك كۈنلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى، «ھەر بىرى بەش يۈزگە تېتار پەھلىۋان» دەپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتىنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن بول-سا، «خۇددى ئولتۇرغان كەبى مىخ ئۈستىدە» دەپ ئۆز-نىڭ ئازابلىق ھېسسىياتىنى، «تاغۇ تاشتا ئۈركۈگەن قوي-دەك تۇرۇپ»، «ئۈركۈگەن توشقان ۋە چىلدەك پىترىدى» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىشلار ئارقىلىق قازاق خەلقى ئۆز-ئارا قەبىلىۋازلىق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە تارتقان كۈلپەتلىك سەرگۈرەشتىلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

داستاندا سۈپەتلەش ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر شەيئى، ھادىسە، ئىش - ھەرىكەت كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەنگۈدەك قىلىپ سۈپەتلىنىپ تەسۋىرلەنگەن. «قايغۇنىڭ قولۋىقىغا»، «ھەسرەتلىك سادا»، «ئالماس بۇرغا»، «قاپ-قارا زىندان»، «تۆمۈر چەمبىرەك»، دېگەن سۆز

بىرىكمىلىرىدىكى قـايغۇ، ھەسرەتلىك، ئالماس، قاپقارا، تۆمۇر دېگەن سۆزلەر سۇپەتـلەش رولىنى ئوينىغان.

بۇ سۇپەتلەشلەر ئارقىلىق شائىر ئۆز پىكرىنى كونـكرېت نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى ئىچىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇپ گەۋدىلەندۇرگەن.

# «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەر توغرىسىدا

ئۇلۇغ دراماتۇرگ، شائىر شېكسپىر 1564 - يىل 4-
ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئېۋون دەرياسى بويى-
دىكى سترالى شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى سودىگەر
ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا تىل مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئىنگلىز
تىلى ۋە قەدىمكى بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. كې-
يىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى سۇنۇپ، بىر تەرەپتىن ئىش-
لەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن ئۇ
لوندونغا كېلىپ، لوندون تىياتىرىنىڭ ئات باققۇچىسى
بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇ خىزمەت جەريانىدا تىياتىرغا
بارا - بارا قىزىقىش تۇغۇلۇپ، بەزى روللارنىمۇ ئېلىپ
چىقىشقا قاتناشقان. كېيىنرەك بەزى تىياتىرلارنى ئۆزگەر-
تىپ تەييارلاشقا قاتنىشىپ يۇرۇپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى
ئۆزىگە تارتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن رول
ئېلىپ ئارتىسلىق قىلسا، يەنە بىرتەرەپتىن بىر مۇنچە
ياخشى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا مۇيەسسەر بولغان.
نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ گۈللىنىشكە باش-
لىغان. شېكسپىر ناھايىتى تىرىشچان ياش بولغاچقا پېش-
قەدەم يازغۇچى، دراماتۇرگ ۋە رېژىسسورلاردىن ئۆگىنىش-
نى چىڭ تۇتۇپ، بىلىمنى ھەر تەرەپلىمە كامال تاپتۇر-

غان ۋە ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، ئەنگلىيە
تىياتىرچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان. شىكـ
سپىر ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرىـي
درامىلارنى، لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇ درامىلىرىدا
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چوڭقۇر زىددىيەتلەرنى، كىشىلەرـ
نىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئىنچىكە پەرق ۋە ئۆزگىرىشـ
لەرنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق بىلەن ئېچىپ بېـ
رىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ياۋروپا
ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن
بىرىگە ئايلانغان.

شىكسپېرنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە
ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۈچ دەۋرگە
بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە (1590 —
1600 - يىللارغىچە) ئەنگلىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى
زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلارنى چوڭقۇر ئەكس ئەتـ
تۈرگەن. ئىككىنچى دەۋردە (1601 — 1608) ئەنگلىيىنىڭ
مۇستەبىت فېئوداللىق جەمئىيىتىگە نىسبەتەن قاتتىق
نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچى دەۋردە (1609 -
1613 - يىللار) ئۇتوپىيىلىك ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن پەيدا
بولغان ياخشى بىر جەمئىيەتكە ئېرىشىش غايىسىنى ئوتـ
تۇرىغا قويغان. دراماتۇرگنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» دېـ
گەن دراممىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىگە مەنـ
سۇپ بولۇپ، بۇ درامىدا ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى چوڭقۇر
ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بەرگەن. ماركس،
ئېنگېلسلار ئۆز دەۋرىدە شىكسپېرنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىـ
يىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، يازغۇچىلارغا قارىتا ئىجادىـ

يەتنى «شىكسپىرلاشتۇرۇش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

درامىدا ئانتونوپنىڭ ئۆز دوستىنىڭ توي ئىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن جازانىخور شىلوكتىن پۇل قەرز ئېلىپ، ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن بويىچە سوتتا سوراقلا تارتىلغانلىقى، نەتىجىدە دەۋاگەر جازانىخور ھەققانىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچلۈك داۋلىسى ئالدىدا مات بولۇپ، شەرمەندىلەرچە ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى تېما قىلغان، چىرىكلەشكەن فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە جازانىخورلۇقنىڭ ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، شۇ ۋاقىتتا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆنسېرى ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق، ئىناقلىقنىڭ، ھەققانىيلىقنىڭ جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى يېڭىپ چۈشۈپ، ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 3. درامىدىكى ئاساسىي پېرسوناژلار

ئانتونوپ ئوبرازى

ئانتونوپ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلايدىغان، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان مەرد ئادەم. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ باسانىئونىڭ توي ئۆتكۈزۈشتە پۇلغا موھتاج بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سودا پاراخوتى تېخى يېتىپ

كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، جازانىخور شلوكتىن 3000 سترلىڭ پۇلنى جازانە شەكلىدە ئېلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ھەتتا شلوكنىڭ ئۇنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ھاقارەتلەيدىغان شەرتىگە يەنى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، بەدىنىدىن بىر جىڭ گۆش كېسىۋېلىشىغا رازى بولىدۇ. كېيىن سودا پاراخوتى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەن ۋە پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئانتونوپ ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن جازانىخورنىڭ بۇ ئىشنى ياۋۇزلارچە بىر تەرەپ قىلىشىنى مەردلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاپتور ئانتونوپنىڭ بۇ ئادەتتىكى پۇل قەرز ئېلىپ قايتۇرۇش مەسىلىسىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۈچۈن ھەر قانداق ئېغىر جازا ۋە ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان، ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان قەيسەر ۋە مېھرىبان خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

شلوك ئوبرازى

شلوك جازانىخور يەھۇدىي باي. ئۇ قولىدىكى پۇل ۋە مال - مۈلكىگە تايىنىپ، جەمئىيەتتە خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەن ھەددىدىن ئاشقان زالىم. ئۇ بىر تەرەپتىن باشقىلارغا پۇل قەرز بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن جازانە كىرىمگە ئىگە بولۇۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشتا، زالىملىق ۋە قانخورلۇقتا ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ. شۇڭلاشقا ئانتونوپ ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر جىڭ گۆشنى شىلىۋېلىشتىن ئىبارەت بىمەنە، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى خار-

لايدىغان يىرگىنچلىك بىر چارىنى ئويلاپ تاپىدۇ... بەختـ
كە قارشى ئانتونوپ قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغاندا ئۇ
توختام بويىچە ئانتونوپنى بوزەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋۇز
كۆڭلىگە ئارام بېرىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز بېرىدۇ. ئاپتور
شلوك ئوبرازى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئەنگلىيە جەمئىـ
يىتىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ رەزىللىكىنى، ياۋۇز،
قان ئىچەر خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. جازانىخورلۇق
ئۇسۇلى فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زوراۋانلىقنىڭ تىـ
پىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇلار بۇ ئۇـ
سۇل ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىـ
شىشنى كۆزلەپلا قالماستىن، ھەتتا كىشىلەرنىڭ كىشىلىك
ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ خارلايدىغان دەرىجىگە بېرىپ
يەتكەن. مانا بۇ ئەنگلىيە فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ چىرىكـ
لىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ تىپىك ئىپادىسى،
ئاپتور شلوكنىڭ ياۋۇز خاراكتېرى ئارقىلىق فېئوداللىق
ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىـ
نىڭ رەزىللىكىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي
مۇناسىۋەتلەر ۋەھشىيلەرچە ئاياغ - ئاستى قىلىنغانلىقىدەك
ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئىش
ئاقىۋەت سوتقا بېرىلىدۇ. قانۇن بويىچە شلوك بىر جىڭ
گۆش شىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بىراق شۇنچە
كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئاشقان بۇ ياۋۇز ئەنە شۇ ئاخىرـ
قى چارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا داۋلىدا يېڭىلىپ، شەرمەنـ
دىلەرچە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ سوت ئالدىدا ئۆزى قۇرـ
غان قىلتاققا ئۆزى چۈشۈپ، پۈتۈن مال - مۈلكىدىن
ئايرىلىپ رەسۋاسى چىقىدۇ.

## 4. دراممىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

شىكسپېر درامىلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇرمۇشقا باي ۋە قىزىقارلىقى بىلەن داڭلىقلا بولۇپ قالماستىن، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەنمۇ دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ دراممىنىڭ دەرسلىككە ئېلىنغان پەردىسىدە سوت جەريانى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئانتونوپ بىلەن شىلوكنىڭ، باسانىئونىڭ سوتتىكى سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، دۇنيا قارىشى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئاپتور قەھرىمانلارنى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆزىگە خاس تىل بىلەن سۆزلەتكەن. سوت جەريانىدا گىرتسۇگ ۋە باشقىلار شىلوكنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ئامالسىز قالغان بىر ئەھۋالدا، ئاپتور ماھىرلىق بىلەن بىشىيانى سەھنىگە چىقىرىپ، شىلوكنى مات قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن مال-دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلغۇزىدۇ. دراما سەھنىدە ئوينىلىدىغان ئەسەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىتابخانلارنى «ئاخىرى قانداق بولىدىكىن» دېگەن تەقەززالىقتا كەلتۈرۈپ، توقۇنۇشنى تېز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ماھىرلىقىنىڭ ئالامىتى. سوتتىكى سۆز ۋە ھەرىكەتلەر پېرسوناژلار خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن چوڭقۇر خاھىشنى يېتەرلىك چۈشىنىۋېلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقان. دراممىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، جۈملىدىن بۇ بىر پەردىدە ئانتونىئو بىلەن شىلوك

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى مەركەز قىلىنغان، بۇ كۆرەشتە ئالدى بىلەن جازانىخور، سۈيىقەستچى شىلوك بارغانسېرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى قانۇنىيلاشتۇرۇپ، كۆڭلى تەسەللى تاپىدۇ، ھەتتا ئۇ ئادۋوكات تەرىپىدىنمۇ قانۇن بويىچە قوللاشقا ئىگە بولىدۇ ۋە غەلىبە قىلىشقا ئازلا قالدۇ. ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى مۇنداق جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشى تاماشىبىنلارنى چىداپ تۇرغۇسىز ئازابلىق ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ناھەق ئىش، ياۋۇز نىيەتلىك كىشىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداقلا ئاپتورنىڭ مونداق تەسۋىرلىشى سەلبىي قەھرىمانىنى «ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى جازالاش»، كۈچلۈك ۋە تېز مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەسەردە جازانىخور ئۆز غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەرلەشكەنلىكى بىلەن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە «قان چىقارماسلىق» تىن ئىبارەت بىر زەربە بىلەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاپتور، كىشىلەرگە قىلىنغان سۈيىقەست ئۆز بويىنىغا سىرتماق بولىدىغانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

# «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

گېرمانىيىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكرات، مەشھۇر شائىر گېنرىخ گېيىنى 1797 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دوسالدۇرۇپ شەھرىدە كەمبەغەل سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

گېيىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى يەھۇدىي بولۇپ، نېمىس ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، يەكلىنىپ كەلگەندى. 1795 - يىلى ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرنى فىرانسىيە قوشۇنلىرى بېسىۋالدۇ. فرانسۇزلار بۇ يەردە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردۇ ۋە ئەزەلدىن كەمسىتىلىپ كېلىۋاتقان يەھۇدىيلار ھەر خىل ئالۋاڭ - سېلىقلاردىن ئازاد بولۇپ، باراۋەرلىككە ئىگە بولىدۇ. 1813 - يىلدىن كېيىن فرانسىيە قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق قايتا تىرىلىدۇ. يەھۇدىيلار يەنە كەمسىتىلىشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ياش گېيىنىنىڭ دۇنيا قارىشىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا گېرمانىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى روھ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئويغىنىدۇ.

1816 - يىلدىن باشلاپ گېيىنى ئائىلىسىنىڭ خام-

شى بويىچە بىر مەزگىل سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە 1819 - يىلى بون داشۆسىنىڭ قانۇن كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1825 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. كېيىنى داشۆدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى تاغ، دەريالار، گۈزەل ئورمانلار، گۈل - چېچەكلەر، ئاي - يۇلتۇزلار قاتارلىق گۈزەل تەبىئەت مەنزىرلىرى ۋە ياشلىق باھارى ھەققىدە بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن تۇرمۇشقا قانائەتلەنمىگەن، گۈزەللىككە يېتەلمەيۋاتقان روھىي ھالەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭغا شائىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نېمىس رومانتىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.
كېيىن ئۇ بۇ خىل ئېقىمدىن قول ئۈزىدۇ. چۈنكى گېرمانىيىنىڭ فېئوداللىق بەگلىكلەرگە بۆلۈنگەن پادىشاھلىق تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى گېرمانىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى ياش شائىرنى رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىشكە، خەلقنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە شائىردا ئەمگەكچىلەرگە قارىتا ھېسداشلىق قىلىش ئىدىيىسىنى ئويغىتىدۇ.
ئۇ 1826 - يىلدىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ساياھەتتە بولۇپ، «ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. ئۇ 1831 - يىلى پارىژغا بارىدۇ. پارىژدا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلابقا تەلپۈنىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يەنە

ئۇتوپىك سوتسىيالىزمچىلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى سېن سىموننىڭ شاگىرتلىرى، فرانسىيە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ئۇتوپىك سوتسىيالىزمنىڭ ئېتىقادچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە گېرمانىيە فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىدۇ،

XIX - ئەسىرنىڭ 49 - يىللىرى ياۋروپادا كەڭ ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ شىددەتلىك ئىنقىلاب بورانلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. 1843 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ ماركس بىلەن تونۇشىدۇ ھەم ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىلغار گېزىت - ژۇرناللارغا ماقالە، ئەسەر يېزىپ بېرىشكە باشلايدۇ. گېينى ھەر كۈنى دېگۈدەك ماركس ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن پىكىر - تەكلىپلەرنى ئېلىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ماركسنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا ئۇ ئىدىيە جەھەتتىن تېز يۈكسىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ يۈكسىلىپ، ئەسەرلىرى ئىدىيىۋىلىك تەرەپتىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ «گېرمانىيە قىشى ھەققىدە چۆچەك»، «دەۋر شېئىرلىرى» توپلىمى، «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرى ئەنە شۇ دەۋردە يېزىلغان.

شائىر بۇ ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن گېرمانىيە فېئوداللىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ، بۇ خىل ياردىماس تۈزۈمنى ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەل

كەلگۈسىگە بولغان قىزغىن ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بايان قىلىپ، ئېزىش، ئېزىلىش بولمىغان، ھەممە ئادەم بەختكە چۆمۈلگەن يېڭى جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بولغان ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ 1846 - يىلىدىن كېيىن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، پالەچ بولۇپ يېتىپ قالىدۇ - دە، شۇ چاغدا ياۋروپادا قوزغالغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدۇ. گېرمانىيىدىكى ئىنقىلابىي قوزغىلاڭمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال گېيىنىنى ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسەرلىرىگە مىسكىنلىك، مەيۈسلۈك تۈسى ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق شائىرنىڭ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىسى بوشاشمايدۇ. ئۇ 1856 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئاغرىقتىن ساقىيالماي دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

«سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» شېئىرى 1844 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ دەۋر ياۋروپادا ئىشچىلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىمۇ كۆپ قېتىم ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. بۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايون سىلېزىيىدىمۇ بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئىشچىلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى رېئال ئاساسلار بىلەن تەمىن قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماركسنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى ئۇنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ تارىخىي رولىغا نىسبەتەن

توغرا تونۇشلارغا ئىگە قىلدى.
«سىلىزىيە توقۇمىچىلىرى» ناملىق مۇنەۋۋەر ئەسەر مانا شۇنداق شارائىتتا يېزىلىپ، مۇشۇ دەۋردىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ جەڭگىۋار ساداسىنى ياڭراتقان.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر شېئىردا سىلىزىيە توقۇمىچىلىرىنىڭ باتۇرانە كۆرەشلىرىنى تېما قىلىش ئارقىلىق، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى، دىنىي خۇراپاتلىقنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىپ، ھەقىقىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باسقۇچىغا تەرەققىي قىلىپ يەتكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.
پۈتۈن شېئىر بەش كۇپلېتتىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىلا لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى غەزەپ - نەپرەتكە تولۇپ تاشقان قەھرلىك روھىي ھالىتىنى ئىنچام ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىگەن.

ياشسىز كۆزلەردە ئەلەم ئۇچقۇندار
دەستىگاھ ئالدىدا چىشلار غۇچۇرلار

بۇ ئىككى مىسرادىكى ئوبرازلىق ھالەت ئۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنى ئىشچىلار ئامىسىنىڭ ياشسىز كۆزلىرىدىكى ئەلەم ۋە كىرىشكەن چىشلىرىنىڭ غەزەپلىك غۇچۇرلاشلىرى قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەردىدىن ئاچ - يالىڭاچ قالغان، ئۆلۈمدىن باشقا ھەممە ئازابلارنى ئۇزۇن مۇددەت تارتىۋېرىپ، دەھ-

شەتلىك رېئاللىقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغانغان ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىدۇر. لىرىك قەھرىمانىنىڭ «ئەلەم ئۇچقۇنلىغان كۆزلىرى» ئۇنىڭ تارتقان دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ قايغۇ-ئەلەملىك ئىپادىسى بولسا: «غۇچۇرلىغان چىشلىرى» ئاشۇ قايغۇ - ئەلەمدىن ئويغانغان، زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە قارشى ئىسيانكار روھنىڭ ساداسىدۇر. بۇ ئىككى مىسرا چىرىگەن تۈزۈمنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاشقا ئاتلانغان ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ جەسۇرانە ئوبرازىنىڭ ئىخچام ۋە تىپىك كۆرۈنۈشىدۇر.

بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدىكى «گېرمانىيە بىز ساڭا كېپەن توقۇيمىز» دېگەن مىسرادا ئىشچىلارنىڭ پەقەت رەخت توقۇغۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئېلىپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدىغان ئىنقىلابچىلار، شۇنىڭدەك ئۇلار كونا دۇنيانى گۆرگە ئۇزاتقۇچىلار ئىكەنلىكى گەۋدىلەنگەن.

دېمەك، شائىر بۇ شېئىرىدا كەڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ھەيۋەتلىك سۈرىتىنى سىزىپ، ئۇلارنىڭ كونا دۇنياغا بولغان پۈتمەس - تۈگمەس غەزەپ - نەپرىتىنى «كېپەنلىك» تىن ئىبارەت بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاپ، قوزغىلاڭچى ئىشچىلارنىڭ كونا دۇنياغا «كېپەنلىك» تەييارلاشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن ئاڭلىق ئىنقىلابچىلارغا ئايلانغانلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرگەن.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۇپلېتلىرىدا ئويغانغان ئىشچىلار سى-

نىپىنىڭ تەڭرى، پادىشاھ ۋە ئاتالمىش «ۋەتەن» كە بولغان كۆچلۈك ئۆچمەنلىكىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئېنگېلس بۇ شېئىرغا يۇقىرى باھا بېرىپ، «بۇ شېئىر پروسىيىلىكلەرنىڭ 1813 - يىلدىكى ‹پادىشاھ ۋەتەن ۋە تەڭرى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ› دەيدىغان بىلجىرلاشلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ بىلجىرلاشلار شۇ چاغدىن باشلاپ مۇنارخىستلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شوئارى بولۇپ قالغانىدى» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان پادىشا، ۋەتەن، تەڭرى دېگەن بۇ ئۈچ نەرسە گېرمانىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاشتىكى ئىدىيىۋى بويۇنتۇرۇقى بولۇپ كەلگەنىدى. سىلېزىيە توقۇمىچىلىرىنىڭ كۈرىشى دەۋرىگە كەلگەندە ئىشچىلار ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بۇ خىل چۆمپەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى. مانا بۇ ئىشچىلار سىنىپى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەت چېنىقتۇرۇشى ئارقىسىدا ئويغىنىپ، ئىدىيىۋى ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

لەنەتىنىڭ بىر خىلى تەڭرىگە تالىق،
ئاڭا بىز غۇربەتتە بولغانىمىز سادىق.
بىكارغا كەتتى جىق تەلەپ ئىبادەت.
بىزنى ئۇ ئالدىدى، چەكتۇق نادامەت.

فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكىچە بولغان دەۋردە ياۋروپادا خرىستىئان دىنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالى بولۇپ كەلدى. ئۇلار تۈرلۈك دىنىي تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇ دۇنيادا راھەت - پاراغەت كۆرۈش ئۈچۈن بۇ دۇنيا-

نىڭ جەبىر ـ جاپالىرىغا چىداش كېرەك؛ بەندىلەر تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە سۆيۈنگەندىلا ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالايدۇ، دېگەن سەپسەتىلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئالداپ، ياخشى ياشاش ئۈمىدلىرىنى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان غايىۋى دۇنياغا باغلاش لازىم دەپ تەشۋىق قىلدى. بۇ خىل ساختا ئەقىدىلەر ئۇزۇن ۋاقىت كەڭ تۆۋەن قاتلام ئاممىسىنى زەھەرلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى ئاجىزلىتىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەنىدى، خەلق ئاممىسى تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپىمىزمىكىن دەپ تەڭرىدىن شەپقەت تىلەپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ يۈرىۋەردى. ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر ئۆتىۋەردى. ئاخىر ئۇلا تەڭرىدىن ئۆزلىرىگە ھېچقانچە ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بىۋاستە كۆردى.

شائىر شېئىرىنىڭ بۇ كۇپلېتىدا ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي تۇرمۇشىنىڭ سىناقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ دىنىي ئەپيۇننى تونۇپ يەتكەنلىكىنى «بىزنى ئۇ ئالدىدى، چەكتۇق نادامەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، دىندىن ئىبارەت بۇ روھىي كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، كەڭ ئاممىنى ئويغىتىپ، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك! مانا بۇ شائىرنىڭ پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئالدىغا قويغان جەڭگىۋار شوئارىدۇر.

ئىككىنچى خىل لەنەت زالىم شاھلارغا قارىتىلغان. مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن گېرمانىيىدە پادىشاھ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى دەپ تەرىپ-

لىنىپ، ھەممىدىن يۇقىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ نوپۇزىغا ۋە ھوقۇقىغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايتتى. شائىر شېئىرىدا بۇ دەۋردىكى ئويغانغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ زالىم شاھلارنىڭ رەزىل سىنىپىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى:

لەنەتى بايۋەچچە، زالىم شاھلارغا
پەسەنتمۇ قىلمىدى بىزنىڭ ئاھ - زارغا.
سورايدۇ ۋە يەنە ئاخىرقى پۇلنى
قىلىچتا ياتقۇزۇپ ھالى ئىت قۇلنى.

بۇ كۇپلېتتا شائىر پادىشاھلار كاپىتالىستلارنىڭ ئارقا تىرەكى بولۇپ، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئاھ - زارىغا پىسەنت قىلماي، ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىپ، ئاخىرقى بىر تىيىن پۇلىنىمۇ تارتىۋېلىپ قۇل ۋە ئىت ئورنىدا خارلىغان تەييارتاپ ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنى يوقاتماي تۇرۇپ، ھەقىقىي ئازادلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! مانا بۇ مۇشۇ كۇپلېتتا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە — جەڭگىۋار كۈرەش ئىرادىسىدۇر.

ئۈچىنچى خىل لەنەت «يالغان ۋەتەن» گە ياغدۇرۇلغان. سىنىپىي جەمئىيەتتە دۆلەت پەقەت ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن ھۆكۈمران سىنىپلار دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى جېنىنىڭ بارىچە بۇرمىلاپ، «ۋەتەن» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇم ئارقىلىق سىنىپىي زۇلۇمنى ئىنكار قىلىپ، ۋە «ۋەتەنگە سادىق بولۇش»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن چىرايلىق شوئارلارنى دەستەك قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ بېرىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇزۇن ۋاقىت بۇ خىل ئالدامچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن ئىشچىلار ئاممىسى ئويغانغاندىن كېيىن بۇ سىرنىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ يېتىپ، زۇلمەتلىك گېرمانىيىنىڭ خەلقىنىڭ ۋەتىنى ئەمەسلىكىنى، ئۇمۇ تەگرى ۋە شاھلارغا ئوخشاشلا «يالغان ۋەتەن» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شائىر شېئىرىنىڭ بۇ كۇپلېتىدا «يالغان ۋەتەن» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئىنتايىن جايىدا ئىشلىتىپ، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ خىل ««ۋەتەن» نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭغا لەنەت ياغدۇرغان.

بۇ يالغان ۋەتەنگە ئاخىرقى لەنەت
بۇندا يوق نە نومۇس، ياكى دىيانەت.
بۇندا گۈل ئېچىلماي كېتىدۇ توزۇپ،
جەسەتتىن ئالىدۇ ھۇزۇر قۇش - قۇرت

دېمەك، چىرىكلەشكەن فېئودال ئەقسۆڭەكلەر ئوتتۇرا ئەسىر قۇللۇق جاھالىتىنى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، خەلق ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى بارغانسېرى كۈچەيتتى خەلقنىڭ ھەر قانداق تەلەپ - ئارزۇلىرىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى ئۈمىدلىرىنى ۋە باشقا بارلىق ئىلغار ئىدىيىلىرىنى دەھشەتلىك باستۇردى. شېئىرنىڭ بۇ كۇپلېتىدا يۇقىرىقىدەك ئىدىيىۋى مەزمۇن گۈل، جەسەت، قۇش-قۇرتلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، «يالغان ۋەتەن» نىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغان. شۇنىڭدەك بۇنداق «ۋەتەن» ئەكسىيەتچىلەرنىڭ راھەت كۆرىدىغان ماكانى بولغاچقا، ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاش، يېڭى دۇنيا، يېڭى ۋەتەن يارىتىش لازىملىقى چاقىرىق قىلىنغان.

بەشىنچى كۇپلېت پۈتۈن شېئىرنىڭ يەكۈنى.

دەستىگاھ غىچىرلار، موكىسى چاققان،
توقۇيمىز كۈن ۋە تۈن ئالدىراپ ھامان
قېرى گېرمانىيە توقۇيمىز مانا،
شۇ ئۈچ خىل لەنەتنى كېپەن قىپ ساڭا.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ «توقۇش» ھەرىكىتىگە ئالاھىدە مەنە سىڭدۈرۈپ، دەسلەپ تىلغا ئېلىنغان «كېپەن توقۇش» ھەرىكىتىنىڭ ـ ئەكسىيەتچى فېئوداللىق تۈزۈمنى گۇمران قىلىپ، گۆرگە تىقىدىغان ئىنقىلابنىڭ شىددەت بىلەن يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن شۇنىڭدەك ئىشچىلار سىنىپىنى «ئۈچ لەنەت» كە قارشى جەڭ قىلىپ، كونا دۇنيانى كېپەنگە ئوراپ دەپنە قىلىدىغان مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

دېمەك، شېئىر قوزغالغان ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئۈچ خىل لەنەتلىك كونا جەمئىيەتكە بولغان تولۇپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە مۇشۇنداق جىنايەتكار ئىجتىمائىي تۈزۈمنى يوقىتىپ، بەختلىك يېڭى جەمئىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

### 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) بۇ شېئىر كۈچلۈك لىرىك تۇيغۇ بىلەن يېزىلغان سىياسىي لىرىكا بولۇپ، شېئىردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن لىرىك قەھرىمان ھەيۋەتلىك كەلكۈندەك ئۆركەشلەپ تۇرغان

ھېس ـ ھاياجان ئىچىدە پەيدا بولۇپ، كىتابخانىنىڭ ئىختىيارىنى دەررۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئىشچىلار ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈرەشلىرى قايناۋاتقان جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

2) شېئىردا «رەخت توقۇش» ھەرىكىتى تەكرار تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردىكى «توقۇش» ھەرىكىتىگە ئىنتايىن مول ئىدىيىۋى ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ھەر بىر كۇپلېتقا سىڭدۈرۈپ، «كېپەن توقۇش» تىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

3) شېئىرنىڭ تىلى پىششىقلانغان، ئوبرازلىق تىل بولۇپ، ھەر بىر ھەرىكەت، ھەر بىر شەيئى، ھەر خىل ھېس ـ تۇيغۇلار ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان رولغا ئىگە بولغان.

مەسىلەن: «توقۇش»، «كېپەن»، «گۈل»، «جەسەت» «قۇش ـ قۇرت» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە سىمۋوللۇق خاراكتېر بېرىلگەن، ئەسەرنىڭ خاھىشى ئەنە شۇ ئوبرازلىق ھەرىكەت، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر يوشۇرۇلغان.

# «رېۋىزور» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

نىكولاي ۋاسىلىۋىچ گوگول رۇس تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇ 1809 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى روسسىيىدىكى پولتاۋا گوبېرنىسىنىڭ مىرگورى ئويېزدى سېرچىنسى يېزىسىدا پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلىغان، شېئىر، درامىلارنى يازغان. دراما ئەسەرلىرىگە سوفېلىرلىق قىلىدىغان كىشى ئىدى. گوگول دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن كىچىك ۋاقتىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىقىدۇ. كېيىن ئۇ پۇشكىنغا ئوخشاش ئىلغار شائىرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا دېكابرىستلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى قوللايدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا ئۆتكۈر ساتىرىك تىل ئىشلىتىپ، «قاراقچىلار» دېگەن ھېكايىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. مانا بۇ بولغۇسى ساتىرىك يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ تەييارلىقى ئىدى. گوگول 1830 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا «ئىۋان كوبارنىڭ ئالدىنقى ھارپىسى»، «دىكانىدىكى خۇتۇر ئاخشاملىرى»، «سوروۋژىن يەرمەنكىسى»، «ماي ئاخشىمى»،

«شىنىل»، «يوقالغان كىتاب» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يا-
زىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گوگول تېخىمۇ يىرىك ئەسەرلىرى-
نى يېزىشقا قەدەم تاشلاپ، «مىرگورود»، «تاراس بۇلبا»،
«ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق رومان، پوۋېستلارنى ۋە مەشھۇر
كومېدىيىسى «رېۋىزور» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ
يازدى. گوگول ئۆز ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك تەنقىدىي رېئا-
لىزملىق روھ بىلەن فېئوداللىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ جىنا-
يەتلىرىنى، زالىم پومېشچىكلار، پارىخور ئەمەلدارلار، خۇ-
شامەتچى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت -
بەشىرىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ساپ دىللىقى، قەھرى-
مانلىقى، ئادىل، ھەققانىيەت تەرەپدارلىرى ئىكەنلىكىنى
يورۇتۇپ بەردى. گوگول ئىجادىيەتتە پۇشكىننىڭ تەسىرى-
نى كۆپرەك قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ «رېۋىزور» بىلەن
«ئۆلۈك جانلار» رومانى پۇشكىن ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلەر-
گە ئاساسەن يېزىلغان. گوگول ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بىر
مەزگىل غەربىي ياۋروپاغا ساياھەتكە چىقىپ، ئىدىيە ۋەكۆز
قاراش جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ، ناچار ئەسەرلەرنىمۇ ياز-
غان. ئۇلۇغ تەنقىدچى بېلىنسكىي مەشھۇر «گوگولغا
خەت» دېگەن ئوبزورى ئارقىلىق ئۇنى قاتتىق تەنقىد
قىلغان. گوگول 1852 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى
دۇنيادىن ئۆتكەن.

يازغۇچىنىڭ «رېۋىزور» كومېدىيىسى 1842 - يىلى
يېزىلغان.

بۇ مەزگىلدە چار پادىشاھلىق تۈزۈمى چىرىكلىكتە
چېكىگە يېتىپ، يانچى دېھقانلار ئاممىسى بىلەن شەھەر
كەمبەغەللىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىشقا باشلايدۇ. ھاكىم-

مىيەت بېشىدىكى بىر ئۇچۇم تەييارتاپ پارازىتلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ھوقۇق ۋە بايلىققا تايىنىپ، يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىپ، جەمئىيەتتە خىيانەت، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، خۇشامەتچىلىك قاتارلىق يىرگىنچلىك ئىللەتلەر ۋابا كېسىلىدەك يامراپ كېتىدۇ. «رىۋىزور» كومېدىيىسى مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى مەزمۇن قىلغان ئەسەر.

## 2. كومېدىيىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

يازغۇچى بۇ كومېدىيىدە يالغاندىن رىۋىزور بولۇۋالغان خلىستاكوۋنىڭ شەھەر ئەمەلدارلىرىنى ئەخمەق قىلىپ، كۆپلەپ بايلىق ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانلىقىنى تېما قىلىش ئارقىلىق زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چارروسىيە ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ رەزىل ۋە ساختىلىقىنى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى بىر ئۇچۇم تەييارتاپلارنىڭ نادان، ئىقتىدارسىز، ئاچكۆز، ئىككى يۈزلىمىچى، خىيانەتچى ۋە خۇشامەتچى قاتارلىق رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغان. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئەمەلدارلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىققان، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن. دەرسلىككە كومېدىيىنىڭ بىرىنچى پەردىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

كومېدىيىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى، يامان ئىللەتلەرنى، تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش، كۈلكىلىك

ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتورنىڭ غەزەپ - نەپرىتى كۆلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

گوگول «رېۋىزور» كومېدىيىسىدە شەھەر ھاكىمى قاتارلىقلار بىلەن پۇللىرىدىن ئايرىلىپ قورساق تويغۇزۇشقىمۇ ئىمكانىيىتى قالمىغان سۆلەتۋاز بىر بايۋەچچە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقنى يىپ ئۇچى قىلىپ يېزىپ، چىرىكلەشكەن بىر ئوچۇم ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى كۆلكە ئوتى ئىچىدە چۈۋۈپ تاشلاپ رەسۋاسىنى چىقارغان.

بۇ خىل ئۇقۇشماسلىققا بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ ئۈستىدە خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ، خىيانەت قىلىپ ئادەتلەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورققانلىقى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نادان، ئەقىلسىز، كالۋالىقى سەۋەب بولىدۇ. خاستاكوۋ شۇنىڭ بىلەن موھتاجلىق ئازابىغا چۈشۈپ قالغان بايۋەچچە ئەمەلدارلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئەخمەق قىلىدۇ.

كومېدىيىنىڭ بىرىنچى پەردىسىدە شەھەر ھاكىمى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ رېۋىزورنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدىكى ساراسىمىگە چۈشكەن بىر مەيدان كۈلكىلىك ئەپت - بەشىرىسى ئېچىپ بېرىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ بىر توپ ئالۋاستىلار شۇنچە ساراسىمىگە چۈشۈپ ھودۇقۇشۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ؟ مانا مۇشۇ مەسىلە بىرىنچى پەردىدە نۇقتىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. شەھەر ھاكىمى ئانتون ئانتونوۋىچ ھەر يىلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرى-

لەش ۋە باشقا باھانە - سەۋەبلەر بىلەن خەلققە خالىغانچە ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈك يىغىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشى بىر جۈپ ئات، ئىككى جۈپ چوشقا، قوي، توخۇ ۋە داڭلىق ماشكا كۈچۈكلىرىدىن ئېلىپ كەلمىسە، ئىشى ھەل بولماسلىقىنىڭ سىرتىدا ئەدىبىنى يەيدۇ. شەھەر ھاكىمى بۇ ئىشلارنى رىۋىزورنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇللارچە خۇشامەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ساقچى باشلىقى ئورخونوپ بولسا، كوچىدىن ئۆتۈۋالغان يانچۇقچى، ئوغرى، بۇلاڭچىلارنى قامىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىغان ماللىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ھەتتا ئىش تاپالمىغاندا كوچىغا چىقىپ «ئالدىمدىن يانتۇ دەسسەپ ئۆتتۈڭ» دەپ كىشىلەرگە جەرىمانە سېلىپ بايلىق توپلايدۇ. ئۇمۇ بۇ ئىشلارنى رىۋىزورنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، غايىبانىسىگە ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلماقچى بولىدۇ.

سودىيە - ئاممۇس فىدوروۋىچ لەپكىن - تەپكىن دەۋاگەر ۋە جاۋابكارلارنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئالداپ - سالداپ، نۇرغۇن پۇل، مال - مۈلۈكنى يەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەراسىمىگە چۈشىدۇ.

پوچتىخانا باشلىقى ئىۋان كوزمىچ شېپكىن پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن چەك، پوسۇلكىلارنى، خەتلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى قىممەت باھالىق نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەنسىرەيدۇ.

دارىلئاجىزدىن ۋە شىپاخانىنىڭ نازارەتچىسى ئارتىمى

فىلىپپوۋىچ زىملانىكا ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش راسخوتى،
يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھەققىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن خىيا-
نەت قىلغانلىقىنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.
قىسقىسى، شەھەردە خالىغانچە زوراۋلۇق ـ زومبۇلۇق يۈر-
گۈزۈپ، خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى زۈلۈكتەك شوراپ قور-
ساقلىرىنى يوغاتقان بۇ بىر تۈركۈم پارازىتلار مۇشۇنداق
ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ جازاغا تارتىلىشىدىن
قورقۇپ رېۋىزورنى خۇشامەتچىلىك بىلەن قاپقانغا چۈشۈرۈپ،
جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى
ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئالاقزادە بولۇشۇپ
كېتىدۇكى، ئۆز جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرى پاش قىلىپ،
رېۋىزورنى كۆرمەي تۇرۇپلا تۈگىشىپ، ساراڭلىق روھىي
ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ مۇنداق قورقۇنچ-
لۇق روھىي ھالەتكى چۈشۈپ قېلىشى ـــ سۆلەتۋاز بايۋەچچى-
نىڭ ئالدامچىلىق قىلىشىغا ئىنتايىن قولايلىق شارائىت
يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىۋان ئالېكساندىرۇۋىچ خىلېستاكوۋ ھىيلىگەر، ساختى-
پەز، قىمارۋاز بولۇپ، ئۆزىگە كەلگەن بۇ كۈتۈلمىگەن ئامەت-
تىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئەمەلدارلىرىنى خالىغانچە بوزەك
قىلىپ، نۇرغۇن پۇل، بايلىققا ئېرىشىپلا قالماستىن، شەھەر
ھاكىمىنىڭ قىزىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپ، قىن ـ قىنىغا پات-
ماي قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشامەتچىلىرى ئالدىدا ھەدەپ
پو ئېتىپ، كىم نەدىن سورىسا شۇ يەردىن چىقىپ، ئۆزىنى
پۇشكىندەك ئۇلۇغ ئەربابلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، ئاتاقلىق
يازغۇچى، شائىر قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنى نۇر-
غۇن ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمىغان، پادىشاھ بىلەن ئۇلپەت-

چىلىكتە ئۈتىدىغان، گېنېراللىسسىمۇسلىقنى ئىشلەپ باققۇسى كېلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، ھېلىقى ئەخمەق، چىرىك پارازىتلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. قىسقىسى، ئاپتور بۇ كومېدىيىدە زاۋاللىقا يۈز تۇتقان، چىرىكلىك ۋە رەزىللىكتە چېكىگە يەتكەن پادىشاھلىق روسىيە تۈزۈمىدىكى بىر ئوچۇم يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، بۇ خىل جەمئىيەتكە كۈچلۈك ئىتىراز بىلدۈرۈدۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمنىڭ قالاقلىقى ۋە چىرىكلەشكەنلىكىنى يېتەرلىك ئېچىپ تاشلاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

كومېدىيە يېزىلىپ چىققاندىن كېيىن پادىشاھ سىنزورىسى تەستىقلاشقا ئۇنىمايدۇ. كېيىن ئاران تەستىقلىنىدۇ. بىراق بۇ كومېدىيە ئوينىلىشقا باشلىنىشى بىلەنلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولۇپ، پۈتۈن روسىيىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى تىترىتىۋېتىدۇ. تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەت، رەزىل جىنايى قىلمىشلارنى كۈلكە ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان كومېدىيىلىك ئەسەرلەر تۇرمۇش ئۈچۈن ھەر قاچان ئېھتىياجلىق، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قارىتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پاش قىلىشنى ئاساس قىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. كومېدىيىلىك ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ كىتابخانلارنى رەزىللىك ۋە ناچار ئىللەتلەردىن نەپرەتلەندۈرىدۇ، ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش،

كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلانغان چىرىك ئىللەتلەرنى تازىلاپ، ئۇلارنى توغرا ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە يېزىلىدىغان كۈچلۈك پاش قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كومېدىيىلىك ئەسەرلەر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەر قاچان ئېھتىياجلىق.

# «باھار پىلىسى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى ماۋدۇن (ئەسلى ئىسمى شىن يەنبىڭ) 1896 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن ناھىيىسى ۋۇجىڭ بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. 1913 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچراشقان. كېيىن ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىپ، «4 - ماي ھەرىكىتى» گە ۋە دەسلەپكى كوممۇنىزملىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. 1920 - يىلىدىن باشلاپ جىڭ جىڭزى، يې شىنتاۋ قاتارلىق ئىلغار يازغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان رېئالىزملىق ئەدەبىياتنى پائال تەشەببۇس قىلغان.

ماۋدۇن ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆزىنى كوممۇنىزملىق ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلىغان. 1920 - يىلى شاڭخەيدە دەسلەپتە كوممۇنىزمچىلار گۇرۇپپىسىغا، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتناشقان. 1930 - يىلىدىن باشلاپ لۇشۈن بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىنقىلابىي ئەدە-

بىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى زورايتىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە «قورشاپ يوقىتىش»ىغا زەربە بېرىش يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ئىلغار يازغۇچى، سەنئەتكارلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگونى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ مۇشۇنداق قىيىن شارائىتلاردا يەنئەنگە بېرىپ، «لۇشۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنستىتۇتى» دا لېكسىيە ئوقۇدى. شىنجاڭغا ئۇ كېلىپ، «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» نىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەجايىپ تۆھپە قوشتى.

يازغۇچى 1932 ـ يىلى ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەسىرى «تۈن يانغاندا» نى يېزىپ، جۇڭگو مىللىي سانائىتىنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا خاراب بولۇش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكلىكىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ دەۋرلەردە يەنە يېزا ھاياتىنى تېما قىلغان «باھار پىلىسى»، «كۈزلۈك يىغىم»، «قاتتىق قىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بارغانسېرى خارابلىشىپ، سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ كۈنسايىن كەسكىن-

لىشۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە «چىرىكلىشىش»، «تاڭ ھارپىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۈچلۈك ئېچىپ تاشلىدى.

ماۋدۇن لۇشۈن، گومورو قاتارلىق ئىنقىلابىي يازغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەتتى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۇچۇن ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان 60 يىللىق ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا يۈزلىگەن ئەسەرلەردىن باشقا يەنە «تۇتۇلۇش»، «ھەسەن - ھۈسەن»، «باھار»، «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «فېۋرال گۈللىرىدەك قىزارغان يوپۇرماق»، «چوكانتال ھارپىسىدا»، «سۇۋادان ئېرەككە مەدھىيە» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ جاپالىق مۇساپىلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى.

ماۋدۇن 1981 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېيجىڭدا 85 يېشىدا ۋاپات بولدى. يازغۇچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتىمىزگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن «ماۋدۇن ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلدى. بۇ مۇكاپاتنىڭ سەرمايىسى يازغۇچىنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ قەلەم ھەققىدىن ئىبارەت بولۇپ، يازغۇچى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن ئىشلىتىشنى ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى.

«باھار پىلىسى» پوۋىستىدا 1932 - يىلى «28 -
يانۋار» ۋەقەسىدىن كېيىن جىياڭنەن دېھقانلىرىنىڭ پىلى-
دىن مول ھوسۇل ئېلىشى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا بالا بولۇپ،
يېزا ئىگىلىكىنىڭ خارابلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەنلىكىنى
تەسۋىرلەپ، كونا جۇڭگو مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ نامۇۋاپىق-
لىقىنى قاتتىق پاش قىلدى.

1929 - يىلى خەلقئارا كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئېغىر
ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر
ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمەي قالغان تاۋارلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ
بازارلىرىغا غالجىرلارچە تۆكۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي
سودا - سانائىتىنى خارابلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-
چىقىرىشىنىمۇ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ياپون جاھانگىر-
لىكى دۆلىتىمىزگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ، 1931 - يىلى
شەرقىي - شىمالنى بېسىۋېلىپ، 1932 - يىلى «28 - يان-
ۋار» دا شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاس-
تىدا پومېشچىك ۋە جازانىخورلار كەڭ دېھقانلار ئاممىسى-
نى تېخىمۇ شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى.
دېھقانلار ياخشى ھوسۇل ئالالمىسا، ئەلۋەتتە ئاچ قالاتتى.
مول ھوسۇل ئالغاندىمۇ، مۇشۇنداق قاتمۇ قات بۇلاڭ -
تالاڭ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ئاستىدا يەنىلا قورسىقى
تويغۇدەك بىر نەرسىگە ئىگە بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن
يېزىلاردىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ كەسكىنلىشى-
شىگە ئەگىشىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي
ھەرىكىتى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. ئىنقىلابىي بازىلاردا «قور-
شاپ يوقىتىش» قا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش داۋام قىلىپ،
شەھەرلەردە ئىش تاشلاش دولقۇنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆ-

تۈرۈلدى. يېزا دېھقانلىرىنىڭ كاپىتالىستلار، پومېشچىك، جازانىخور سودىگەرلەرگە قارشى ستىخىيىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى پەيدىنپەي پارتىيىنىڭ رەھبەر- لىكىنى قوبۇل قىلىپ، جاھانگىرلارغا، بيۇروكرات كاپىتا- لىزمغا، فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ پايانسىز زور ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى.

«باھار پىلىسى» مانا شۇنداق تارىخىي ۋەزىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا يېزىلغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ئاپتور ئەسەردە تۇڭباۋ ئائىلىسى ئالغان مول ھو- سۇلنىڭ ئوخشاشلا ئاپەتكە ئايلىنىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دېھقانلار ئاممىسى يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە كو- نا جۇڭگودا ئەمگىكىگىلا تايىنىپ كەمبەغەللىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پارتىيە ئەت- راپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جاھانگىرلىككە، كاپىتالىزمغا ۋە فېئودالى- زمغا قارشى ئۈزۈل - كېسىل كۈرەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 3. ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلار

تۇڭباۋ ئوبرازى

تۇڭباۋ بوۋاي بىر قانچە يىل پىلە بېقىپ، ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشىلىنىدۇ. لېكىن جاھانگىرلارنىڭ ئىقتىسادىي تە- سىرى يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائى-

لىسى بارا - بارا نامراتلىشىپ ئاقىۋەت پۈتۈنلەي خارابلىق
يولىغا قەدەم قويىدۇ.

ئالدىنقى يىلى ھوسۇل ياخشى بولمىغانلىقتىن، دېھقانلار
ئالۋاڭ - ياساق ئېغىر سېلىقلارنى كۆتۈرەلمەي ئىنتايىن ئېغىر
ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئۈمىدىنى بۇ يىلقى ھوسۇلغا بې-
غىشلايدۇ. تۇڭ باۋ بوۋايمۇ ئۈچ تاختا پىلە باقىدۇ. ئۇنىڭ
پىلىسى تېز ئاينىيدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى مول - ھوسۇلغا
بېغىشلاپ پىلىلىرىنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن ئۈستى - ئۈستىگە
قەرز ئالىدۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىرەر ئايغا يېقىن ئاچ
قالغىنىغا قارىماستىن كېچە - كۈندۈز دېمەي جىددىي
ئەمگەك قىلىدۇ. ئاقىۋەت مول - ھوسۇل ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ
چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ يۈرىكىدە ئەمدىلا ئۈمىد چىرىغى
پىلدىرلىغان ۋاقىتتا جاھاننىڭ تىنچسىزلىقى، يىپەكچىلىك
فابرىكىسىنىڭ ئىشنى توختاتقانلىقى تۈپەيلىدىن دېھقانلار-
نىڭ ھەممىسى ئاچ - زارلىقتا قالىدۇ.

تۇڭ باۋ بوۋاي پىلىنى كۆپ بېقىش ئۈچۈن خىرا-
جەتنى كۆپ قىلىپ كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇ-
نىڭ تارتقان زىيىنى باشقىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ كۆپ بول-
دۇ. شۇڭا بۇ يىلقى مول - ھوسۇل ھېسابىغا ئون بەش دەن
يوپۇرماق چىقىدىغان ئۈجمىلىك يېرىنى قەرزگە تۇتۇپ
بېرىشتىن تاشقىرى يەنە ئۈچ يۈز يۈەن قەرزدار بولۇپ
قالىدۇ.

بىراق خۇراپاتلىقتا ئىشىنىدىغان بولغاچقا ئالدىنقى
يىلى پىلىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى تەۋەگىنى گېزىت بى-
لەن چاپلاپ پىلە خىزىدىرىنى خاپا قىلىپ قويغانلىقتىن
بولدى دەپ قاراپ، بۇ يىل گېزىت ئىشلەتمەيدۇ. بولۇپمۇ

ئۇنىڭ سامساققا بولغان ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك. پىل-
لىرى شۇنچىلىك ئاينىپ ئۆسۈۋاتسىمۇ سامساقنىڭ ئاز بىخ
چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىزچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ.
ئۇ ھەتتا نامرات، خارلانغان ئايال خېخۇانى پەس كۆرۈپ،
«ئاق يولۋاسنىڭ شۇم يۇلتۇزى» دەپ تىللاپ، ئۆيدىكىلە-
رنى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا يول قويمايدۇ.

ئاپتور تۇڭ باۋ بوۋاينىڭ بۇ خىل ئىندىۋىدۇئال
خۇسۇسىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كونا
جۇڭگونىڭ كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن قانچىلىق نادان-
لىقتا قالدۇرۇپ، شۇنچىلىك ئاددىي مەسىلىلەرنىمۇ چۈشى-
نەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.
تۇڭ باۋ بوۋايدا كونا جۇڭگو دېھقانلىرىغا ئوخشاش ھەم-
مىسى تەقدىردىن كۆرىدىغان خۇراپىيلىق بولۇشتىن تاش-
قىرى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزلۈكسىز زەربىسىگە ئۇچرىغان-
لىقى سەۋەبىدىن ھاسىل قىلغان ئالاھىدە چۈشەنچىلىرىمۇ
بار. ئۇ بولسىمۇ بوۋاي ھاياتتىن ئىنتايىن نارازى. ئۇ پۈ-
تۈن ئائىلىسى بىلەن شۇنچە جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئەم-
گەك قىلسىمۇ ئەھۋالى يىلدىن - يىلغا ناچارلىشىپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يۈز يۈەن قەرزدار بولۇپ قالىدۇ.
دېمەك مۇنداق رەھىمسىز تۇرمۇش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم
قىلىدۇ. بوۋاي نېمە ئۈچۈن مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان-
لىقىنى ئويلىغاندا بازاردا چەت ئەل گەزماللىرىنىڭ، يىپەك-
لىرىنىڭ، كىرسىنلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى بىلەن دەر-
يادا ئۈزۈپ يۈرگەن كىچىك پاراخوتلار كۆز ئالدىغا كې-
لىدۇ. مانا مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئېتىزدىن
چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە پۇلغا يارىماي-

دىغان بولۇپ قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. مانا بۇلار بوۋاي تۇڭ باۋنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان ھەقىقىي چۈشەنچىلىرى. بىراق ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىلىرى بىر خىل مۇجمەل ساددە ھېسسىياتتىنلا ئىبارەت بولۇپ، مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئاپتور تۇڭ باۋ ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنىڭدىكى كونا جۇڭگو دېھقانلىرىدا ئومۇملاشقان مۇشۇنداق خۇراپىي ئىدىيىلەر بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان ساددە چۈشەنچىلىرىنى ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تۇڭ باۋ ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس، تېخى ئويغانمىغان بىر جاپاكەش دېھقانلىقى تولۇق نامايان بولغان.

ئۇ «ئوكيان ئىبلىسلىرىغا» ئۆچمەنلىك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگولۇقلارنى بۇلاپ - تالاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. گۆرۈكەشلەرنىڭ خوجايىنلىرى ئىبلىسلار بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈرۈپ، قانداق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، پومېشچىكلار، زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىدىن جاھاننىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

بوۋاينىڭ بۇ خىل كونسېرۋاتىپ چۈشەنچىلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي يۈزلىنىشىنى چۈشىنىۋېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت جاپالىق ئەمگىكى بىلەنلا پىلىدىن مول - ھوسۇل ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ گەرچە بۇ يىل مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەربىر

مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمگەكچى خەلققە كۆلپەتلىك تۇرمۇشنى ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاقىۋەت ئۇنى تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىككە ئىتتىرىۋېتىدۇ.

يازغۇچى تۇڭ باۋ ئوبرازى ئارقىلىق جىنايەتكار كونا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە تاڭغان مىسلىسىز ئېغىر بالايىئاپەتلىرىنى، ئۇلار تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالماي، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇڭ باۋ بوۋاينىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تىپىك ئوبرازى شۇ تارىخىي دەۋردە ئىنتايىن كەڭ ۋە ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئادۇ ئوبرازى

ئادۇ يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇ تېخى باللىق ۋاقتىدىلا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن. شۇڭلاشقا رېئال تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى خېلى توغرا. ئۇ ئەمگەكنى سۆيىدۇ، ئەمگەكتىن لەززەت ئالىدۇ. «گۆھەر» لەر غۇزىلايدىغان كۈنلەردە بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي ۋە چارچىغانلىقىنىمۇ سەزمەستىن خۇشاللىق بىلەن ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە خۇشچاقچاق يۈرىدىغان ئۈمىدلىك ياش بولۇپ، قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردىمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ. بوۋاي تۇڭ باۋ سامساقىنىڭ كۆكلىشىگە قاراپ بەخت سىناپ يۈرگەن كۈنلەردە ئادۇ پىلىدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن، لېكىن باي بولۇپ كېتىش

مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، دېھقانچىلىقتىن بىر - ئىككى قېتىم مول ھوسۇل ئېلىش بىلەنلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىغا، يالغۇز ئەمگەك بىلەنلا تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. خې خۋا پىلىنى ئۇغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغاندا ئۇنى ئۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ روھىي ئازابلىرىغا ھېسداشلىق قىلىپ، گەپ قىلماي قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا زادىلا كېلىشەلمەيدىغان بىر يەر بار دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. لېكىن ئەپلىشەلمەسلىكنىڭ قەيەردىلىكىنى ياكى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالمايدۇ.

ئاپتور ئادۇ ئوبرازى ئارقىلىق يېڭى ئەۋلاد دېھقانلار سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتسىيىنىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكتىن خۇراپىي ئەقىدىلەردىن خالىي بولۇپ جەمئىيەتكە قارىتا گۇمان بىلەن قارايدىغان يېڭى ئاڭنىڭ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىگە قارشى ھېسسىياتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى نەق مۇشۇنداق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش ۋە ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئېلىپ كىرىش كېرەكلىكىنى توغرا يورۇتۇپ بەرگەن.

### خې خۋا ئوبرازى

خې خۋا كونا جەمئىيەتتە ھاقارەتلەنگەن ۋە ئازابلانغان خوتۇن - قىزلارنىڭ ئوبرازى. ئاپتور بۇ ئوبرازنى يارىتىش ئارقىلىق ئەمگەكچى ئاممىنىڭ جەمئىيەتتىكى تۇر-

مۇش هادىسىلىرىنى توغرا چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي دوستى كىم، دۈشمىنى كىم ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالالماي، ئۆز سىپى ئىچىدىكى ئىپچىنىشلىق تەقدىرگە يولۇققان كىشىلەرنى چەتكە قېقىپ، ئۆز سىنىپىي قېرىنداشلىرىنى بىھۇدە ئازابلاۋاتقانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن.

خې خۇا ئەسلىدە بازاردىكى بىر باينىڭ خىزمەتكارى ئىدى، كېيىن ئۇ تۇرمۇش يولى ئوڭۇشلۇق بولماي ئۆزىدىن بىر ھەسسە چوڭ قېرى ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىدۇ. جىنايەتكار فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۇ دېھقانلارنىمۇ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا باشقىلار ئۇنى ئادەتتىكى كىشىلەردىن «بىر دەرىجە تۆۋەن» تۇرىدىغان ئارىلىقتىكى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ كەمسىتىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى خې خۇا باي زالىملار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپلا قالماستىن، ئۆزىگە ئوخشاش تۆۋەن قاتلام ئامما تەرىپىدىنمۇ چەتكە قېقىلىدۇ. بۇ خىل نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەرگە چىدىمىغان خې خۇا ئەتەي كىشىلەر بىلەن ئويۇن - چاقچاق قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئادەم» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەنئەنىۋى يامان ئادەتلىرىگە قارشىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يېزىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئاق يولۋاسنىڭ شۇم يۇلتۇزى»، «ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەمنىڭ ئامىتى قاچىدۇ» دېيىشىپ، ھەممىسى ئۇنىڭدىن قاچقاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە قارشى «ئۇنداق بولسا مەن ئاق يولۋاسنىڭ شۇم يۇلتۇزى» سۈپىتىم بىلەن ئامەتلىرىنى قاچۇراي دەپ، ئەتەي بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا بۇ ھەرىكەتلەردىن بىچارە خې خۇانىڭ روھىي جەھەتتىن قانچىلىق ئازابلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ

پىاله غوزىسىنى ئوغرىلىغان چاغدىكى ئەلپازىنىڭ ناھايىتى
قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.
ئاپتور خې خۇانىڭ ئالاھىدە سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىر-
لەش ئارقىلىق يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە كونا
جۇڭگونىڭ كىشىلەرنى قانچىلىك ئېغىر كۈنلەرگە قالدۇر-
غانلىقىنى كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ جىنايىتىنى ئېچىپ
تاشلىغان.

## 4. پوۋېستنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) پوۋېستتا خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدى-
غان خىلمۇ خىل ئوبرازلار مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بې-
رىلگەن. بولۇپمۇ بوۋاي تۇڭ باۋنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى
كۈچلۈك، تىپىك خاراكتېرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇنىڭ
ئىككى بالىسى ۋە كېلىنىنىڭ خاراكتېرلىرىمۇ بىر - بىرى-
گە ئوخشىمايدۇ، چوڭ بالىسى بولسا دادىسىغىمۇ، ئىنىسى
ئادۇغمۇ ئوخشىمايدىغان كونا ئەۋلاد بىلەن يېڭى ئەۋ-
لادنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل كۆۋ-
رۈك تەرىقىسىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

2) ئەسەردە مەنزىرە تەسۋىرى ۋەقەلىكنىڭ تەرەقق-
ىياتى، پېرسوناژلارنىڭ ئوخشىمىغان پىسخىك ئۆزگىرىشلى-
رىگە ئىنتايىن ماسلاشتۇرۇلغان، دەسلەپ كۆكلەم پەيتىنىڭ
ياخشى باشلانغانلىقى تەسۋىرلىنىپ، «مول - ھوسۇل» ئېلىش
ئۈمىدى بىلەن خۇشال بولغان تۇڭ باۋنىڭ كەيپىياتىغا ماس-
لاشتۇرۇلغان بولسا، بىراق كېيىن بۇ خىل ياخشى ئۈمىد-
ئارزۇغا قارىمۇ قارشى «يول ياقىسىدىكى ئىمارەت»، «ئوك-

يان ئىبلىسلىرىنىڭ» پىلىچىلىك فابرىكىسى، ئۇنىڭ ئەت-
راپىدىكى قىسقا - قىسقا خەندەكلەر، دەريادىكى كىچىك
پاراخوتلارنىڭ تىنىمسىز قاتناۋاتقانلىقى قاتارلىق مەنزىرى-
لەر تەسۋىرلىنىپ، پىلە بېقىشقا لايىق بولغان باھارنىڭ
جۇڭگو زېمىنىدە ھېچقانداق ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۈچ-
لۈك سېلىشتۇرما ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. باھار پىلى-
سىدىن قانچىلىك مول ھوسۇل ئېلىنغان بىلەن كىشىلەر-
نىڭ ئازاب ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىڭ رېئال ئار-
قا كۆرۈنۈشى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ......

# لى بەيىنىڭ ئىككى شېئىرى توغرىسىدا تەھلىل

لى بەيىنىڭ يەنە بىر ئىسمى تەيبەي. ئۇنىڭ ئەجدادى ئەسلى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي ئەتراپىدىن بولۇپ، لى بەي مىلادى 701 - يىلى سۇياپ دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇياپ شەھىرىدە (ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھىرى ئەتراپىدا) تۇغۇلغان. بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى بىلەن مىيەنجۇ ئايمىقىغا تەۋە چاڭلۇڭ ناھىيىسىنىڭ چىڭلىيەن يېزىسى (ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جياڭيۇ دېگەن يېرى) غا كېلىپ ماكانلاشقان. لى بەي جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئارىلاپ ساياھەت قىلغان. مىلادى 742 - يىلى شۈەنزاڭ خانىنىڭ ئوردىسىدا (چاڭئەندە) ئوردا مەسلىھەتچىلەر دىۋانىدىمۇ ئىشلىگەن. ئەسكەرمۇ بولغان، باشقىلارنىڭ كاساپىتى بىلەن تۈرمىدىمۇ ياتقان. ئۇ ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ داڭيۇ ناھىيىسىدە ۋاپات بولغان. لى بەي ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ رومانتىك شائىرلاردىن بىرى. ئۇ بىزگە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر قالدۇرۇپ كەتكەن. «لى بەي ئەسەرلىرى» دېگەن توپلام ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ئىككى شېئىرى ناھايىتى ئىخچام يېزىلغان قىسقا شېئىرلار بولسىمۇ، شائىر ئۇنىڭدا چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات ۋە مول تەسەۋۋۇرلىرى

ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇقنى، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە قەدىردانلىقنى كۈچلۈك مەدھىيىلىگەن.

ئالدىنقى شېئىر تۆتلا مىسرا بولۇپ، شائىر قەدىناس دوستى مىڭ خاۋرەننى ئۇزىتىش جەريانىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىر «قەدىناس دوست تېپىپ سائەت ئۇچىنچى ئاي باھارىدىن» دەپ باشلانغان. شائىر بۇ مىسرالاردا «قەدىناس دوست» دېيىش ئارقىلىق مىڭ خاۋرەن بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن مۇستەھكەم دوستلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. مىڭ خاۋرەن تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىرلاردىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە بۇ ئىككى شائىرنىڭ تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرى ئوخشاش، غايىلىرى ئورتاق بولغاچقا ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنىش، بىر - بىرىنىڭ بىلىم ئىقتىدارى، ئەخلاقىي پەزىلىتىگە بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرام كۈچەيگەنلىكى نەتىجىسىدە دوستلىشىپ بىللە ئۆتكەنلىكىنى يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە شائىر بۇ تەرەپلەرنى كەڭ بايان قىلمىغان بولسىمۇ، باشتىلا «قەدىناس» دېگەن سۈپەتلەشنى ئىشلىتىپ، «دوستلۇق» نى سۈپەتلىگەنلىكىدىن مۇشۇنداق مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

شائىر «ئۇچىنچى ئاي باھارىدىن» دېگەن سۆز بىلەن خوشلاشقان پەيتنىڭ باھار ۋاقتى ئىكەنلىكىنى، «تېپىپ سائەت» دېيىش ئارقىلىق خوشلىشىدىغان پەيتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ھېلىمۇ مەيلىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك «باھار» سۆزى ۋاقىتنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە

مىلك خاۋرەننىڭ سۆيىتىنى، شۇنداقلا دوستلۇقنىڭ سۆيىتىنمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن. ئىككىنچى مىسرادىكى «راۋان بولدى» دېگەن سۆز شائىرنىڭ ئايرىلىشقا رايى بارمىغان ۋە كۆزى قىيمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى دوستى دەريا ئېقىمىنى بويلاپ تېز كېتىپ قالغاچقا، ئايرىلىش ھەسرىتى شائىرنىڭ كۆڭلىنى ئازابلىغان. بۇ مىسرادىكى «گۈۋاكلىك» ۋە «سېرىق تۇرنا راۋىقى» دېگەن سۆزلەر بىر تەرەپتىن مىلك خاۋرەن بارىدىغان ئورۇن بىلەن ئۇلار خوشلاشقان ئورۇننى كۆرسەتسە يەنە بىر تەرەپتىن تۇرنىنىڭ ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە بولغان ھەسرەتنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۈچىنچى مىسرادا «ئۇيۇق بويلاپ ئاقار چاكچىياك لۆمۈلدەپ شەرق تامانىغا» دەپ تەسۋىرلىنىپ، بىر تەرەپتىن مىلك خاۋرەن چۈشكەن يەلكەننىڭ ئۇزۇپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسى تەسۋىرلەنسە يەنە بىر تەرەپتىن (ئەڭ مۇھىمى) شائىرنىڭ دوستىغا بولغان سەمىمىي كۆڭلى، ئايرىلىشقا كۆڭلى تارتمىغان روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. چۈنكى بىز بۇ مىسرالاردىن سېرىق تۇرنا راۋىقىدا لۆمۈلدەپ شەرققە قاراپ ئېقىۋاتقان چاكچىياكدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان يەلكەنگە تاكى ئۇ ئۇپۇق سىزىقى چېكىگىسىغا بېرىپ يوقاپ كەتكۈچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان لىرىك قەھرىمانىنى كۆرىمىز. بۇ تۆتىنچى مىسرانىڭ شەرھى. گەرچە بۇ يەردە «كۆز ئۈزمەي» ياكى «خېلى ۋاقىت تۇردۇم» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، يۇقىرىدىكى تەسۋىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ كۆز ئۈزمەي، خېلى ۋاقىت تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. مانا بۇ مەنزىرە تەسۋىرى ئىچىگە سىڭدۈ-

رۇلگەن ئىدىيىۋى ھىسسىيات دەل قەدىناس دوستتىن ئاي-رىلىشقا كۆزى قىيمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئومۇمەن بۇ شېئىردىكى ھىسسىيات مۇڭلۇق بولۇپ، خۇددى قەدىناس دوستلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى دول-قۇنلىغان روھىي ھالەتنى چىنلىق بىلەن چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى شېئىر ئالتە مىسرا بولۇپ، ئالدىنقى تۆت مىسرادا چاۋخېك ھەزرەتنىڭ چاكىئەندە دوستلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يۇرتى ياپونىيىگە قايتقانلىقى، بەختكە قارشى سىرلىق ئارالدىن ئۆتكەندە كېمە ئاپەتكە ئۇچراپ «ئېسىل گۆھەر» (چاۋ ھەزرەت) نىڭ سۇغا چۆكۈپ كەت-كەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ تۆت مىسرادىن بىز مۇنۇلارنى چۈشىنىۋالالايمىز.

1) چاۋخېك بىلىملىك مۆتىۋەر زات. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ «ھەزرەت» دەپ ئاتىغان. شۇ-نىڭدەك ئۇ پەزىلىتى ياخشى ئادەم، شۇڭلاشقا جۇڭگودىن نۇرغۇن دوست تاپقان، ئۇ يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا ئۇنى قەدىرلەيدىغان دوستلىرى يىغلىشىپ ئۇزاتقان.

2) شائىر بۇ پىكىرنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ، چاۋخېكنى «ئېسىل گۆھەر» دەپ مېتافورا ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

كېيىنكى ئىككى مىسرادا شائىرنىڭ ئېسىل گۆھەردەك، مۆتىۋەر، بىلىملىك ياخشى بىر ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقى-غا قايغۇ - ماتەم ۋە تەزىيىسى بىلدۈرۈلگەن.

بەشىنچى مىسرادىكى «جاھاننى قايغۇ قاپلاپ» دېگەن مۇبالىغە ئارقىلىق شائىر ئۇنىڭ ئۆلۈمي، پەزىلىتى چاك-

ئەندە چوڭ تەسىر قوزغىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن چاڭئەن قايغۇغا چۆمگەندەك ھەممە كىشىنىڭ قايغۇ - ماتەم بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئەلۋەتتە، ئۆلۈمى جاھاننى قايغۇغا چۆمدۈرگەن ئادەم ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن مۆتىۋەر ھەزرەت، ئېسىل گۆھەر.

«شۇ زامان» دېگەن سۆز چاۋخېڭنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ ۋە بۇ خەۋەرنىڭ كىشىلەرنى تۇيۇقسىزلا لەرزىگە سېلىۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، چاۋخېڭنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرىنىڭ ياخشىلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئادەتتىكى ئادەم بولسا، خەۋەر كېلىش بىلەنلا مۇنداق چوڭ تەسىر قوزغىمىغان بولاتتى.

«ئاق بۇلۇتتىن كېيدى بۆك ساڭۇ تېغىمۇ بېشىغا» دېگەن جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ماتەم قايغۇسىنىڭ، تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ قانچىلىك چوڭ بولغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

دېمەك شائىرنىڭ بۇ ئىككى شېئىرىنىڭ بىرىنچىسىدە تىرىك ئايرىلغان قەدىناس دوستىغا بولغان مۇھەببىتى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماسلىق مۇڭى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئىككىنچىسىدە ئۆلۈپ ئايرىلغان دوستىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە چوڭقۇر ماتەملىك قايغۇسى سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

ھەر ئىككى شېئىر بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن پىشقان قەلەمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئاز، لېكىن ساز سۆزلەر بىلەن شائىرنىڭ دوستىدىن ئىككى خىل شارائىتتىكى ئايرىلىشنىڭ بىر - بىرىگە

ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئاپىرىلىش ھەسرىتى ۋە قايغۇ-
مۇڭى ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.
2) مىسرالار قوش مەنىلىك تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەقەنى
بايان قىلىش، مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە شائىرنىڭ قاراشلىرى،
قەلب تۈيغۇلىرى سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىلگەن.
3) سۆزلەر ئاددىي، لېكىن كۈچلۈك ھېسسىيات، چوڭ-
قۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، خاھىشنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈر-
گەن ۋە كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ تەسىرلىك گۈ-
زەل مەنزىرە پەيدا قىلىش بىلەن بىللە چوڭقۇر ئىدىيىۋى
ھېسسىيات قوزغايدىغان كەيپىيات بەخش ئەتكەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەتتىمىن شىپە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ساۋۇت

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى
تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل
(2)
تۈزگۈچى: ئابدۇۋەلى كېرىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1992 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1992 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3.200 —— 1
ISBN 7—228—02169—X/G·264
باھاسى: 2.45 يۈەن

责任编辑：买买提依明·西帕
封面设计：加拉力丁·巴合拉木
责任校对：阿衣古力

中学语文课文分析（维吾尔文）

（2）

阿布都外力·克力木编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　9.875印张　2插页
1992年4月第1版　1992年4月第1次印刷
印数：1—3,200

ISBN 7—228—02169—X/G·264　定价：2.45元